# ئانايۇرت

پەسىللىك | ئىلمىي - پىكرىي ژۇرنال
ISSN:2147-8031

ئابدۇۋەلى ئايۇپ: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەتقىقاتىدىكى يەڭگىلىكلەر

مۇھەممەد ئەلى قاپار: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان جەمئىيەتنىڭ تۈزۈلمىسى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى

سۇ گاۋارا چۈن: 1864 - 1865 - يىلىدىكى كۇچا خوجىلىرىنىڭ «غازىتى» ۋە باشقا تەسىرى كۆچلەر

پىروفېسسور دوكتور بەدرى گەنجەر: ئىسلام دۇنياسىنىڭ مودېرنىلىشىش ھادىسىسى بىلەن ئىمتىھانى

2014/4
يىل: 2 / سان: 8

# ئانا يۇرت

(تور ژۇرنىلى)

ISSN:2147-8031

4 - سان

(ئىيۇل، ئاۋغۇست، سېنتەبىر)

2014

2 - يىل، ئومۇمىي 8 - سان



**ساھىبى: د.نۇرئەھمەت قۇربان**

**باش تەھرىر: د.ئەركىن ئەكرەم**

**تەھرىر ھەيئىتى**

د.ئەسەت سۇلايمان
ف.د.ئالىمجان ئىنايەت
د.نۇرئەھمەت قۇربان
د.ئەركىن ئەمەت

بەتچىك: ئىلياس



تور بەت ئادرېسى

www.anayurtjurnili.net

ئېلخەت ئادرېسى

info@anayurtjurnili.net



ئەسكەرتىش: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ئاپتورلارغا ئائىت بولۇپ، ژۇرنال ھېچقانداق قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. شۇنداقلا ھەرتۈرلۈك نەشر ھوقۇقىنىڭ ژۇرنالغا تەۋە ئىكەنلىكىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە خاتىرلىتىدۇ.


# ئانا يۇرت

پەسىللىك ئىلمىي - پىكرىي ژۇرنال

## بۇ ساندا

**ئابدۇۋەلى ئايۇپ**

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەتقىقاتىدىكى يېڭىلىقلار ........................................................ 3

**پىروفېسسور دوكتور مۇھەممەد ئەلى قاپار**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان جەمئىيەتنىڭ تۈزۈلمىسى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى ......... 11

**سۇ گاۋارا چۈن**

1864 - 1865 - يىللىدىكى كۇچا خوجىلىرىنىڭ «غازىتى» ۋە باشقا تەسىرى كۈچلەر ........ 35

**پىروفېسسور دوكتور بەدرى گەنجەر**

ئىسلام دۇنياسىنىڭ مودېرنىلىشىش ھادىسىسى بىلەن ئىمتىھانى ....................................... 60

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەتقىقاتىدىكى يېڭىلىقلار

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارغا ۋە تەتقىقاتلارغا باھا بېرىلىپ، كۆرۈلگەن مەسىلە كۆرسىتىلىپ خاتالىقلار ئىزاھلىنىدۇ. ئىزدىنىشلەردىكى شائىرنىڭ تەرجىمىھالىنى تولۇقلىما قىلىش، ئەسەرلەرگە ئىدىيە يۈكلەش، مىسرالارنى ئۆزگەرتىۋېتىش، سۆزلەرنى قوشۇپ قويۇش ۋە پىكىرلەرنى زامانغا ماس قايتا قۇراشتۇرۇش قاتارلىق نۇقسانلار ھەققىدە تەھلىللەر يۈرگۈزىلىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1901-1933) شېھىت بولغاندىن كېيىن ئەسەرلىرى تۇنجى بولۇپ 1947-يىلى ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان[1]. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان ژۇرناللاردىن «شەرق يۇلتۇزى» غا ۋە تەيۋەندە نەشر قىلىنغان بىر ئۇيغۇرچە ژۇرنالغا شائىرنىڭ شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان[2]. 1970 - يىللاردا ئۆزبېكچە نەشر قىلىنغان «ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەن كىتابتا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «بەر مەدەت»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «كۆڭۈل خاھىشى»، «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» ماۋزۇلۇق بىرنەچچە شېئىرى بېرىلگەن[3]. 1979-يىلدىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى «تارىم»، «تۇرپان»، «بۇلاق»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق نەشرى ئەپكارلاردا يورۇق كۆرۈشكە باشلىغان. ھازىرغىچە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدە «بالدۇر ئويغانغان ئادەم»، «كەلگۈسىنىڭ شائىرى»، «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى» قاتارلىق ئەسەرلەر ۋە بىر باللار رەسىملىك كىتابى نەشر قىلىنغان. مۇھەممەد شاھنىياز يازغان «كەلگۈسىنىڭ شائىرى» ناملىق كىتابتا شائىرنىڭ باللىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرى قەلەمگە ئېلىنغان. كىتابتىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ 8 يېشىدا «قۇرئان كەرىمنى»نى يادىلاپ بولغانلىقىنى، 1912-يىلغىچە تۇرپاندىكى داڭلىق

(1) «ئاچىل» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008-يىلى 27-بەت.

(2) بۇ شېئىرنى شائىرنىڭ سىڭلىسى خەلچىخان ئايلا (ھەدە) 1986 – يىلى ھەجگە بارغاندا، باھاۋىدىن ھاجى ئارقىلىق بىر كونا ژۇرنالدىن كۆچۈرۈۋالغان. مەزكۇر ژۇرنال خېلى بۇرۇن تەيۋەندە ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۇ ژۇرنالدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغانىكەن. («ئاچىل» 97-بەت).

(3) يۇقارقى كىتاب 13-بەت.

ئۆلىما ھەمدۇللاھ داموللامدا ئوقۇپ ئۇيغۇر دىۋان ئەدەبىياتىنى ۋە ئەرەب پارسچىنى پىششىق ئۆگەنگەنلىكىنى، ئاندىن قازاندىن تەكلىپ قىلىنغان ھەيدەر سايرانى ۋە ئەلى ئىبرايىموفلاردا پەندە ئوقۇغانلىقىنى بىلىمىز. خېۋىر تۆمۈر يازغان «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ناملىق كىتاپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئويغىتىش ۋە ئاقارتىش بىلەن ئۆتكەن ياشلىق ھاياتىنى ۋە ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن شېھىتلىك ماماتىنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلغان. «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى» تەتقىقات كىتابى بولۇپ 27 پارچە ماقالە ۋە ئەسلىمىلەردىن تەركىپ تاپقان. ماقالىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسەن پەرقسىز بولۇپ، ئىچىدىكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ ئەسلىمىسى بەكمۇ قىممەتلىك تارىخىي ھۆججەتلەردۇر.

مەلۇمكى، چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تېمىسى خېلى بۇرۇن قولغان ئېلىنغان ۋە مەخسۇس بىر ئىلمىي كىتاب نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، نۇرغۇن توقۇلما بايانلار، خاتا مەلۇماتلار ۋە ئۆزگەرتىلگەن مەزمۇنلار كىشىنى بىئارام قىلىدۇ. ئالدى بىلەن شائىرنىڭ تەرجىمھالىغا باققىنىمىزدا بەزى شۈبھىلىك نۇقتىلار دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. مەسىلەن، «ئاچىل»دا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى سوۋېتتا ئوقۇش جەريانىدا سوۋېت سوتسىيالىستىك يازغۇچىسى ماكسىم گوركىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، دېيىلگەن ۋە «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى» دېگەن كىتابتا ئۇنى ماركسىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ۋەكىلى قىلىپ كۆرستىشكە ئۇرۇنۇلغان. چۈنكى «1923-يىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە ئىككىنچى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، يەنە ئۈچ يىل تۇرۇپ، بىلىم تەھسىل قىلدى، يەنى 1919-يىلى لېنىن رەھبەرلىكىدە موسكۋادا قۇرۇلغان «شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەك ئۇنىۋېرستېتى»نىڭ 1921-يىلى تەسىس قىلىنغان جۇڭگو سىنىپىدا ئوقۇدى»[4] دېيىلگەن. ئىزدىنىش جەريانىدا بۇنىڭ توقۇلما ئىكەنلىكى ئايان بولدى. 1923-يىلدىن 1926-يىلغىچە شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەك ئۇنىۋېرستىغا ئۇيغۇر دىيارىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنمىغان.[5] ئۇ چاغلار ياك زېكشىنىنىڭ

(4) «ئاچىل» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 5-بەت.

(5) http//:uyghur-studies.com/wp-content/uploads/2015/10/Uyghur-papers-7-Sabine-Trebinjac.pdf

سوۋېت بىلەن ئۆز ئارا بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ھەر ئىككى تەرەپتىكى ئۆكتىچىلىككە يول قويماسلىق ھەققىدە بېتىملەشكەن دەۋر ئىدى. شۇڭا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئورتا ئاسىياغا سودىگەر سالاھىيىتىدە چىقىپ روسچە ئۆگەنگەنلىكى ئەمەلىيەتكە بىر قەدەر ئۇيغۇن، قالدىسى رىۋايەت. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەسەرلىرىنىڭ سانى ھەققىدىمۇ ھەرخىل مەلۇماتلار بېرىلگەن. 70 پارچىدىن ئارتۇق دېگەنلەرمۇ 200 پارچىدىن ئارتۇق دېگەنلەرمۇ، ھەتتا 250 دىن ئارتۇق دېگەنلەرمۇ بار. ئەمەلىيەتتە «ئاچىل» غا كىرگۈزۈلگەن شېئىر 52 پارچە. نېمە ئۈچۈنكىن شائىر 1923-يازغان بىر پارچە ھېكايە بىرىنجى قېتىم نەشر قىلىنغان «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» ۋە مەزكۇر كىتابنىڭ ئىككىنچى نەشرى بولغان «ئاچىل»غا كىرگۈزۈلمەي قالغان. شۇڭا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىلمىي بىر تەرجىمىھالىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش تەتقىقاتنىڭ بىرىنچى قەدىمى ھېسابلانسا كېرەك.

ئۇيغۇرلاردا 80-يىللاردىن كېيىن باشلانغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا شائىر ئەسەرلىرىگە ئىدىيە يۈكلەش خاھىشى ئېغىر بولغان. ئىزدىنىشلەردە كوممۇنىستىك جوڭگودا قوللىنىلغان ماركسىزملىق ئەدەبىيات چۈشەنچىسى يېتەكچى قىلىنغان بولۇپ تەتقىقاتچىلار ماكان ۋە زامان چەكلىمىلىكى سەۋەبلىك ئەسەرلەرنى تەييار قېلىپلارغا سېلىپ باھالىغان، ياكى شۇنىڭغا مەجبۇر بولغان. مەسىلەن، «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى ئەۋج ئالدۇرغان خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك شائىر بولۇپ، يېڭى زامان دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارلىرىنىڭ بىرىدۇر»[6]. بۇ باھا جوڭگودا ئەدەبىياتنىڭ كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتتىن بۇرۇنقى ئەھۋالىغا بېرىلگەن قېلىپلاشقان باھانىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، شائىر ئەسەرلىرى مۇشۇ باھاغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىنغان. تەتقىقاتچىلار شائىرنى دېموكراتىك ئىدىيەنىڭ بايراقدارى دېيىش ئۈچۈن تۇرپاندا كاپىتالىزم بىخلىرى شەكىللەنگەن دېيىشكە مەجبۇر بولغان[7]. چۈنكى ماركسىزمچىلارچە دېموكراتىك ئىدىيە كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى.

---

(6) «ئاچىل»،8 -بەت.

(7) «ئا.ئۇيغۇرنىڭ ئورنى» 53-بەت.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيە مەنبەلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىمۇ شۇ زامانغا ماس كەلسىمۇ، ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى مەزمۇنىغا زىت چۈشەنچىلەر قوشۇپ قويۇلغان. مەسىلەن، «...شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ «سەنمىنجۇيى (ئۈچ مەسلەك) ئىدىيەسى شىنجاڭغا يۆزلەنگەنلىكى، نەتىجىدە شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پىكىر ئېقىمى تېخىمۇ كېڭىيىشكە باشلىغانلىقى. 1920 - يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىشتا بەلگىلىك رول ئوينىدى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا مەرىپەتچىلىك پائالىيەتلىرى ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت شەكلى ئارقىلىق مەيدانغا كەلدى»[8]. بۇ بايانلار ئەينى دەۋر ئۇيغۇر رىياللىقىغا ئۇيغۇنسىز بولۇپ پاكىت ئاساسى يوق بولغانىنىڭ ئۈستىگە شائىر ئەسەرلىرىنىڭ روھىغا پەقەتلا ماس كەلمىگەن. شائىرنىڭ:

رۇسىيە ئاقچاسىمۇ سەردىن ئوشۇق توختاپ ئىدى،
ئەمدى بۇ كۆنگە كېلىپ، داچەن گە بىرنى ئالمىدى[9].

دەپ يازغىنىدىن مەلۇمكى ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلار چار پادىشاھنىڭ غۇلاپ سوۋېتنىڭ قۇرۇلغانلىقى ۋە پۇلدا ئۆزگىرىش بولغىنىدىن بىخەۋەر قالغاچقا ساقلاپ يۈرگەن چاررۇس پۇلىنىڭ قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمىگەن. يېقىندىكى چارروسىيەدە ئىدىيەنىڭ ئۆزگەرگىنىدىن ئەمەس، پۇلنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىنمۇ بىخەۋەر قالغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىر قىلغانلىقى ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئۇيغۇرلار بىلەن قوشنا ياشاپ قويۇق مۇناسىۋەتتە ئۆتىدىغان، قېرىنداش ۋە دىنداش بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشتىن بىخەۋەر قالغان ئۇيغۇرلارنى ئارىلىقنى قاتمۇ قات تاغ ۋە چۆللەر ئايرىپ تۇرغان ئىچكىرىدە يۈز بەرگەن شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دېيىش تېخىمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چاغلاردا ئىچكىرىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ئۇيغۇرلارنى خەۋەردار قىلىدىغان ھېچ قانداق بىر

(8) «ئاچىل» 8-بەت.
(9) «ئاچىل» (87-بەت).

ئۇيغۇرچە مەتبۇئات بولمىغانلىقىمۇ بىر پاكىت. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا شىنخەي ئىنقىلابى مەغلۇپ بولۇپ ھاكىمىيەت شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ بولغان ئىدى. شۇڭا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىدىيەسىنى شىنخەي ئىنقىلابى بىلەن باغلاشنىڭ نە ئىلمىي ئاساسى، نە تارىخىي ئاساسى يوق. ئۇندىن باشقا شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن شىنخەي ئىنقىلابى ئىدىيەسىنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان ياكى سۇنجوڭشەن ئىدىيەسىنى يانسىتىدىغان بىرەر مىسرانى ئۇچراتمايمىز. ئەكسىچە شائىرنىڭ بايرىقى ئالماشسىمۇ ماھىيىتى ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان زالىملارغا بولغان نەپرىتىنى ئوچۇق كۆرىمىز.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلھام ئالغانلىقىغا تۆۋەندىكى بىر كۇبلىتنى مىسال قىلىدىغانلار كۆپ،

ھەقىقەتنىڭ روھى قېچىپ كەتتى مېنىڭ دىيارىمدىن،
ئۇنىڭكى خۇش پۇراقى ھېچ كەتمىدى بۇ دىماغىمدىن.
ئىزدىدىم كۆپ، تاپمىدىم شەجەن–روجەن سەھراسىدىن،
ئىزدىبان تاپتىم– دە، ئالدىم لېنىننىڭ گۈلباغىدىن.

توغرا، بۇ بىر كۇبلىتتا لېنىن دېگەن بىر سۆز بار. ئەمما بۇ سۆزنى شائىر ئۆزى شۇنداق يازغانمۇ ياكى ساقلىغۇچىلار ئۆزگەرتىپ قويغانمۇ ياكى توپلاپ رەتلىگۈچىلەر قوشۇپ قويغانمۇ بىر نېمە دېمەك تەس. نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ كوممۇنىستىك ئىدىيەگە ئىگەلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ موسكۇۋادا ئوقۇغانلىقىنى ئويدۇرۇپ چىقارغىنىدىن قارىغاندا ئەسەرلىرىگە بۇنداق بىرەر سۆنى قوشمايدۇمۇ دېيەلمەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەگەر شائىرىمىز راستىنلا كوممۇنىستىك ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسا شېئىرلىرىدا «مېھنەتكەش خەلق، ئىشچىلار سىنىپى، خەلق ئازادلىقى، ئىنقىلابى ئاڭ...» دېگەندەك سۆزلەر كۆزگە چېلىققان بولاتتى.

«ئا.ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى» ناملىق كىتابتا شائىرنى سوتسىيالىستىك رېئالىزمچى ۋە كوممۇنىست قىلىۋېتىش ئىستىكى كۈچلۈك ئىزچىللىققا ئىگە[10]. ئۇندىن

(10) «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى» 211-بەت.

باشقا شائىرنىڭ:

ساڭا ھاجەتمەن بۇ ئۇيغۇر،
دەردىگە تاپسۇن فارىغ [11] .
ئۇمىدىن قالدۇرما يەردە،
بەر مەدەت، بەرگىل شۇرا[12].

دېگەن شېئىرىدىكى «شۇرا» سۆزىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىشارەت دەپ چۈشىنىلىپ تەھلىل قىلىنغان ۋە شائىر ئىدىيەسىنى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا باغلاشقا ئۇرۇنۇلغان. مەزكۇر شېئىرنىڭ ئومۇمى مەزمۇنىغا قارىغىنىمىزدا بۇنى توغرا دېيەلمەيمىز. چۈنكى شېئىرنىڭ باشتىكى قاپىيەلىرىدە «داۋا»، «شىپا»، «راۋا» كەلىملەرى قوللىنىلغانلىقىغا قارىغاندا بۇ كوپلېتتا «شۇرا» سۆزىنىڭ مەنىسى «مەسلەھەت» دېگەنلىك بولۇپ باشقا مەنىنى چىقىرىش ئارتۇقچىدۇر.

شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كىملەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ھەققىدىمۇ تەتقىقاتلاردا ئاساسسىز بايانلار بار. دېيىلىشچە جوڭگو ئىلغار يازغۇچىلىرى روس سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىمىش، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ رۇسچە ۋە خەنچە بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئوخشاش مەنبەدىن تەسىرلەنگەنىكەن[13]. بۇندىن باشقا تەتقىقاتلاردا شائىرنى «پرولېتارىيات يازغۇچىسى گوركىغا ئەگەشكەن»، [14] قىلىپ بۇنىڭغا مىسال سۈپىتىدە شائىرنىڭ تۆۋەندىكى بېيتىنى كۆرسىتىدۇ:

چىقار بوران تەرەپبال ئەگەر ھېچ ئويلىماي تۇرساڭ،
ئەگەر قاتتىق چىقىپ كەتسە، يېپىپ تۇڭلۇك ئالالىغايمۇ.

بۇ مىسرانى ئىچىگە ئالغان شېئىرنىڭ ئومۇمى مەزمۇنىغا قارايدىغان بولساق «بوران» دېگەن سۆزنىڭ ماكسىم گوركىنىڭ «بوران قۇش قوشىقى» دېگەن

(11) فارىغ – قۇتۇلماق.
(12) مەسلەھەت، كېڭەش.
(13) «ئاچىل» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008-يىلى 14-بەت.
(14) «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى»1988-يىلى (184-بەت)

نەسرىنىڭ ماۋزۇسىغا ئوخشاپ قالغاندىن باشقا پۈتۈن ئەسەرنىڭ گوركىنىڭ ئىدىيەسى بىلەن ھېچ بىر ئالاقىسى يوقلىقى بىلىنىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيەتتە كىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن شائىر ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەرگە باققىنىمىزدا ئۇنىڭ كىچىكىدە بوۋىسى مىجىت ھاجىنىڭ نەۋايىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق ئەسەرىنى دائىم ئوقۇپ بېرىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ شائىر ئەسەرلىرىدە نەۋايى قەلىمىگە مەنسۇپ «پەرھات-شىرىن»، «لەيلى مەجنۇن» ئوبرازلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. شائىرنىڭ نەۋايىدىن باشقا ئەزەربەيجان شائىرى فۇزۇلىنىڭ تەرىپىنى قىلغانلىقىنى دوستى ئېزىز نىيازىنىڭ «مەرھۇم شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئەسلەيمەن» دېگەن ئەسلىمىسىدىن بىلىمىز[15]. ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكى

ھەقنىڭ ھۆكۈمى بىر بولۇر، ئەسلا بۇنىڭ تەخىرى يوق.
ئاپىرىن شائىر فۇزۇلى، قۇددۇسۇللا ئاپىرىن.

دېگەن مىسرالاردىمۇ شائىر فۇزۇلىنىڭ نامىنى تىلغا ئالىدۇ. شائىرنىڭ «باردۇر» رادىپلىق غەزىلىنىڭ جەدىتچى تاتار شائىرى ئابدۇللا تۇقاي (1913-1886) نىڭ شۇ رادىپتىكى شئېرىغا مەزمۇنەن يېقىندۇر. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ئابدۇللا توقاينىڭ ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرغىنىمىزدا بۇنداق يېقىنلىقنى تېخىمۇ كۆپ بايقايمىز. ئۇندىن باشقا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تاتارچە ئۆگىنىپ شئېر يازغىدەك سەۋىيەگە يەتكەنلىكىمۇ ئۇنىڭ تۇقاي ئەسەرلىرىگە نەقەدەر مۇشتاق بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئاملدۇر. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەسەرلىرىدە كىلاسسىك ئەدەبىي تىلنى ئەمەس ئۇقۇشلۇق خەلق تىلنى قوللانغانلىقى، جەدىتچە مائارىپنى تەرغىپ قىلغانلىقى، پەندىن ئايرىلغان دىنى مائارىپقا شۇنداقلا خوراپات ۋە جاھالەتكە شىددەتلىك قارشى تۇرغانلىقى ئۇنىڭ ئابدۇللا توقاينىڭ جەدىتچىلىك پىكىرىنىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

شائىرنىڭ دوستى ئېزىز نىيازىنىڭ ئەسلىمىسىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ

(15) يۇقارقى كىتاب 312-بەت

ئۇنىڭغا نامىق كامالنىڭ بىر بېيىتىنى ئوقۇپ بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ[16]. نامىق كامال (1840-1888) تۈرك ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى تىياتىر ۋە رومانلارنىڭ ئاپتورى. ئەسەرلىرىدە ۋەتەن، مىللەت ۋە ھۆرلۈك تېمىلىرىنى ئەڭ كۆپ يازغان، تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ چاغداشلاشمىسىغا زور تۆھپە قوشقان ئەدىب. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ ئانا تېمىلىرىمۇ دەل يۇقارقىلاردىن ئىبارەت. دېمەك ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن كىلاسسىك ئەدىبلەردىن نەۋايى ۋە فۇزۇلىنى سانىساق، چاغداش ئەدىبلەردىن نامىق كەمال، ئابدۇللا تۇقاينى كۆرسىتىمىز.

خۇلاسىلىسەك، ئۇيغۇردىكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەتقىقاتىدا تەرجىمىھالدىن تارتىپ ئەسەرلەرنىڭ تەھلىلىگىچە ئارتۇقچە سىياسىي رەڭلەر بىلەن بويالغانلىقى دىققەتنى تارتىدىغان مەسىلە. بۇ مەسىلە بىزگە شائىر ھەققىدىكى ئەستايىدىل ئىزدىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۈگۈنكى ئۇيغۇر كىملىكىگە ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تەخەللۇسىنى قوللىنىشى تاشكەنتتە 1920-يىلى ئېچىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن يىغىن بىلەن ئالاقىدار بولۇشى ناتايىن. چۈنكى شائىر 1917-يىلى يازغان «ئۇيغۇر قىزى» مازۇلۇلۇق شېئىرىدا ئۆز مىللىي نامىغا بولغان سۆيگۈسىنى ئىپادىلىگەن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئويغان ئۇيغۇر» دېگەن شېئىرىمۇ قازاق شائىر مىرجاقىپ دۆۋلەتوۋنىڭ «ئويغان قازاق»، تۈرك ۋەتەنپەرۋەر شائىرى مەھمەت ئاكىف ئەرسوينىڭ «ئويغان» دېگەن شېئىرلىرى بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ تۈرك دۇنياسىدىكى ئورتاق ئويغىنىش ساداسىنىڭ ئۇيغۇرغا خاس ۋارىيانتىدىن ئىبارەت. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەسەرلىرىدە تەشەببۇس قىلىنغان جەدىتچىلىك ھەركىتى ۋە ئىدىيەسى ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مىللەت سۈپىتىدە ئۇيۇشىشىدا، ئورتاق مىللىي مەنپەئەتنى تونۇپ يېتىشى ۋە قوغدىشىدا، شۇنداقلا مىللەتنىڭ ئورتاق نىشان ۋە غايىگە قاراپ توغرىلىنىشىدا موھىم رول ئوينىغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھېلىمۇ كۈنىمىزدە ئۇيغۇرلۇق ئويغىنىش ھەركىتىنىڭ بايراقدارى دەپ قارىلىدۇ[17]. شۇڭا بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ كۆچەيتىلىشى ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ۋە ئەتىكى مەۋجۇدلىقى داۋام قىلىشتا ئەجەللىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ■

(16) «ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى» 312-بەت.

(17) Justin Jon Rudelson: Oasis Identities: Uyghur Nationalism Along China's Silk Road.

پىروفېسسور دوكتور مۇھەممەد ئەلى قاپار

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان جەمئىيەتنىڭ تۈزۈلمىسى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان جەمئىيەت دىنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇنىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىن نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بىر جەمئىيەتتۇر.

## دىنى ئالاھىدىلىكلەر

### 1) ئېتىقاد

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن باشلاپ، ئىنسانلارنىڭ ئېتىقادىنى پاكلاش ۋە ئۇلارنى چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلگەن.[1] بۇتپەرەستلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋالغان بۇتلىرىنى ئىبادەتتىگە ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىغىچە سۆرەپ ئەكىرگەن.[2] بۇ سەۋەبتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان بارلىق ئىنسانلارنىڭ كەلىمە تەۋھىد ۋە كەلىمە شاھادەت كەلتۈرۈش ئارقىلىق شېرىكتىن يىراقلىشىشىنى،[3] پەقەت ئاللاھتائالاغىلا تائەت-ئىبادەت قىلىش، ئاللاھتائالاغىلا تېۋىنىشنى جاكارلىغان. پالچىلىق، سېھىرگەرلىكنى، ئاللاھتىن غەيرى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشنى، بەزى نەرسىلەرنى «شۇملۇقنىڭ بېشارىتى» دەپ قاراشنى، بۇتلار نامىدىن قەسەم ئىچىشنى ۋە تەقدىر ھەققىدە دە-تالاش قىلىشنى چەكلىگەن.[4]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى ئاللاھقا ئىشىنىشكە ۋە ئاللاھتىن غەيرىدىن ياردەم تەلەپ قىلماسلىققا چاقىرغان.[5] مەدىنىگە ھىجرەت سەپىرىدە، ئىز قوغلاپ سۇر غارىغا كەلگەن مۇشرىكلاردىن ئەندىشە قىلىۋاتقان ئەبۇ بەكرىگە: «غەم

---

(1) سۈرە ئەنبىيا،25/21؛ سۈرە نىسا، 48/4.

(2) مۇسلىم، ھەج، 22.

(3) ئىبنى ھىشام، ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇلمەلىك، ئەس-سىيرەتۇ،ن-نەبەۋىييە، 185، مىسىر-1936، 2-توم، 75.

(4) سۈرە بەقەرە،102/2؛ سۈرە مائىدە،3/5؛ سۈرە ئەئراف،131/7؛ سۈرە نەمل،47/27؛ مۇسلىم، ئەزاھىي 45، ئەيمەن 1،2؛ تىرمىزى، قەدەر1.

(5) سۈرە فاتىھە،4/1.

قىلما! ئاللاھ بىز بىلەن بىللە»[6] دەپ ئاللاھقا ئىشىنىشنى ئەسلەتكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئىمانلىق كىشىلەرنىڭ ئاللاھقا يېقىن تۇرۇشى كېرەكلىكىنى، «ئەگەر بەندە ئاللاھقا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىدىغانلىقىنى، بەندە ئاللاھقا بىر گەز يېقىنلاشسا، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىدىغانلىقىنى، بەندە ئاللاھ تەرەپكە مېڭىپ بارسا، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ كېلىدىغانلىقىنى »[7] بايان قىلغان. غەيب ھەققىدە كاھىنلار ۋە پال ئوقلىرى ئارقىلىق كەلگۈسى ھەققىدە ئالدىن خەۋەر بېرىشتىن توسقان. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ غەيبنى بىلمەيدىغانلىقىنى،[8] ئۆزىنىڭمۇ پەقەت ئاللاھ بىلدۈرگەن غەيبنىلا بىلەلەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان.[9] ئېتىقاد ھەققىدە بىر ئىنساننىڭ يەنە بىر ئىنساننى كافىرغا چىقىرىۋەتمەسلىكىنى: «كىمكى بىر كىشىنى كافىر ياكى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى دەپ چاقىرسا، ۋەھالەنكى چاقىرىلغۇچى ئۇنداق بولمىسا، دېگۈچىنىڭ سۆزى ئۆزىگە يېنىپ قالىدۇ»[10] دېگەن سۆزلىرىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

**2) ئىبادەت**

ئىسلامىيەت ئېتىقاد بىلەن ئىبادەتكە تەڭ ئەھمىيەت بەرگەن بىر دىن. ئاللاھتائالا: «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم»[11] دېيىش ئارقىلىق، ئىبادەتنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەھمىيىتىگە ئىشارەت قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تۇرقىڭلارغا ۋە تاشقى كۆرۈنۈشىڭلارغا ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ»[12] دەپ ئەمەل-ئىبادەتنىڭ ئاللاھقا ئىشەنگەن ئىنسان ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىملىقىنى بايان قىلغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان جەمئىيەتتىكى ئىبادەتتە، تۆۋەندىكىدەك

(6) سۈرە تەۋبە،40/9.

(7) بۇخارىي، تەۋھىد، 50؛ تەۋبە 1؛ مۇسلىم، زىكىر 2،3.

(8) سۈرە نەمل. 65/27.

(9) سۈرە جىن، 72/26-28؛ ئىبنى ھەنبەل 214/1، 224.

(10) مۇسلىم، ئىمان، 111؛ ئىبنى ھەنبەل142/2،60،23.

(11) سۈرە زارىيات، 56/51.

(12) مۇسلىم، بىر، 33، 34؛ ئىبنى ھەنبەل 258/2.

ئىككى مۇھىم نۇقتا بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى؛ جامائەت. جامائەت نامىزى ۋە باشقا كوللېكتىپ شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەتلەر، جامائەتنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ چىن ئىشتىياقى بىلەن ئىبادەت قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدكە كەلمىگەن ۋە جامائەتكە ئارىلاشمىغانلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈش[13] مەنىسىدىكى بايانلىرىدا، بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

ئىبادەتتىكى ئىككىنچى مۇھىم نۇقتا؛ ئىزچىللىق. بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەمەللەرنىڭ ئەڭ قوبۇل بولىدىغىنى، ئاز بولسىمۇ ئىزچىل داۋاملىشىپ بەرگىنىدۇر»[14] دېيىش ئارقىلىق ئىزچىللىقنىڭ مۇھىملىقىنى تىلغا ئالغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىبادەتتە، بولۇپمۇ، نەپلە ئىبادەتلەردە ئىنسانلارنىڭ ئۆيلەرنى قەبرىگە ئوخشىتىپ قويماسلىقىنى،[15] ئىبادەتلەرنى لايىق شەكىلدە قىلىشنى، ئۆلچەملىك بولۇشنى،[16] دىندىكى قولايلىقلاردىن پايدىلىنىشنى،[17] ئىبادەتلەرنى پەقەت مەلۇم ۋاقىتقىلا باغلاپ قويماسلىقنى، نەفلە ئىبادەتلەرنى كېچە-كۈندۈز ۋە يىلنىڭ ھەرقانداق بىر ۋاقىتلىرىدا قىلىشنى، ئىبادەتلەردە ئايرىمچىلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغان. چۈنكى شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ تۇرمۇشىدا ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەجنىڭ ئايرىم-ئايرىم ھالدا پايدىلىق تەرەپلىرى بار بولۇپ، ئىبادەت شەخسنى ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇكەممەللەشتۈرسە، كوللېكتىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلار ئارىسىدىكى بىرلىك- باراۋەرلىكنى، بىر-بىرىگە يار-يۆلەكتە بولۇشنى، ھەمكارلىقنى ۋە پىداكارلىقنى كۈچەيتىدۇ.

### 3) **مائارىپ**

مائارىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان جەمئىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھتائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا

(13) كەيتانى، ئابدۇلھەي، ئەت-تەراتىبۇل-ئىدارىيىە. تۈركچىگە: ئەھمەد ئۆزال تەرجىمىسى، ئىستانبۇل، 1990-1993، 1، 172.

(14) بۇخارىي، تەھەججۇت، 7.

(15) بۇخارىي، سالاتۇل-مۇسافىرىين، 208،209؛ ئىبنى ھەنبەل، 284/2

(16) ئىبنى ھەنبەل، 226/3.

(17) ئىبنى ماجە، ئىقامە، 73.

چۈشۈرگەن تۇنجى ۋەھيىسى «ئوقۇ»بىلەن باشلانغان.[18] «بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار»[19]،«ئېيتقىنكى،>بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ<»[20] دېگەن ئايەتلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىمگە، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى ۋە مائارىپقا زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە مائارىپ قۇرئان ۋە سۈننەت ئۆگىنىشتىن باشلانغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە قۇرئان ئۆگەتكەن ئادەملەردۇر»،[21] «سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدۇر. يولنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدۇر»[22] دېگەن تەلىماتىغا ئاساسەن، ساھابىلەر ۋەھيي كاتىپلىرى تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە بۇ دەۋردە قەلەمگە ئېلىنغان ھەدىس شەرىفلەرنى يادلاپ ماڭغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە قۇرئان ۋە سۈننەت بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىلمىگەن. بىرى يەنە بىرىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى دەپ قارالغان. قۇرئان كەرىم ناماز قىلىشقا بۇيرۇغان، ئەمما ناماز ۋاقىتلىرى ۋە شەكلى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىلگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مائارىپ ۋە ئىلمىي ئىشلاردا ئەر-ئاياللارنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش، يېزىق ۋە ساۋات چىقىرىش ئىشلىرىغا تەڭ ئەھمىيەت بەرگەن. شىفا بىنتى ئابدۇللاھ ئىسىملىك ئايالنى ئاياللارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشقا تەيىنلىگەن. ھەتتا بەدر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەن ساۋاتى بار مۇشرىكلەرنى قويۇۋېتىشتە، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئون مۇسۇلمان بالىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ قويۇشىنى شەرت قىلغان.[23] ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئۇبەي ئىبنى كەئب، ئەبۇ دەردائ، ئۇممى ۋەرەقە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس، ئەبۇ ھۇرەيرە قاتارلىق نۇرغۇن ساھابىلەر قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مائارىپ ئىشلىرىدا ھەر قانداق ئورۇن ۋە

(18) سۈرە ئەلەق، 1/96.

(19) سۈرە نەھل، 43/16.

(20) سۈرە زۇمەر، 9/39.

(21) بۇخارىي، فەزائىلۇل-قۇرئان، 21؛ ئەبۇ داۋۇد، ۋىتر، 4.

(22) مۇسلىم، جۇمئە 43؛ ئەبۇ داۋۇت، سۈننەت5.

(23) كەيتانى، 131،1؛ ئىبنى ھەنبەل، 247/1.

ۋاقىتتىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. بۇ دەۋردە مەسجىدلەر مەدرىس شەكلىنى ئالغان. ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى مەخسۇس جايلار ياكى ساھابىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىمۇ ئېلىپ بېرىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز دەۋرىدە مۇسۇلمانلاردىن ئۆز-ئارا بىر-بىرىنى ئەر-ئايال، قېرى-ياش دەپ ئايرىماستىن ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىگە چېتىلىدىغان بارلىق ئىلىم بىلەن ئورتاق شۇغۇللىنىشنى تەلەپ قىلغان.[24]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلىم ۋە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ساھەلەشتۈرۈشكە بۇيرۇغان. ئىلىملىك كىشىلەرنىڭ پەزىلەت ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇقتىن يىراق تۇرۇشنى، ئىلمىنى يوشۇرماسلىقنى تىلىغان ئالغان. قۇرئان كەرىم ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشماسلىقنى بۇيرۇغان.[25] قۇرئان كەرىمنىڭ ئەمرى-پەرمانلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ ۋە ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بەجا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان.

**4) جاھىلىيەت ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن قول ئۈزۈش**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن يەنە بىرى؛ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى خاتا ئۆرپ-ئادەت ۋە ئىش-ھەرىكەتلەردىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈش. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىي پىرىنسىپلار ئارقىلىق جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەقىدە، ئىبادەت قاراشلىرىغا خاتىمە بېرىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىي پىرىنسىپلار ئىگىلىگەن. ئەلۋەتتە، جاھىلىيەت دەۋرىدە مەۋجۇت بولغان، ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھىيگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئۆرپ-ئادەت ۋە ئىش-ھەرىكەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى مۇئمىن كىشى ئەقىدە، ئىبادەت ۋە ئەخلاقتا ئىسلام پىرىنسىپىغا ئۇيغۇن ياشايدىغان كىشىدۇر. بۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلامىي نۇقتىدىن باتىل دەپ قارالغان بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەرنى يوقۇتۇش ئۈچۈن تىرىشقان. ئىنسانلارنى ئەقىدە ۋە ئىبادەتتە بۇتلاردىن يىراقلىشىپ ئاللاھقا يېقىنلىشىشنى، ۋە ئىسلامىي ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىشنى پىرىنسىپلاشتۇرغان.

(24) سۈرە رۇم، 9/30. سۈرە زارىيات 21/51.

(25) مۇسلىم، ئىلىم،2؛ ئىبنى ھەنبەل، 1/401-421.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قان تۆكۈش، ئوغرىلىق قىلىش، زىنا قىلىش، يەنى، ئىنسانلارنىڭ مال-مۈلكى، ھاياتى، يۈز-ئابرۇيي بىخەتەرلىكىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىش، [26] تۆھمەت چاپلاش، غەيۋەت قىلىش، [27] جازانىخورلۇق ۋە ئۆسۈم مۇئامىلىسى قىلىش، [28] پارىخورلۇق ۋە سودىدا مونوپوللۇقنى مەنئى قىلغان. ئەزد قەبىلىسىنىڭ زاكات ماللىرىنى يىغقان ئىبنى لۇتبىيە بۇ قەبىلە ئۇنىڭغا بەرگەن زاكات ماللىرىدىن بىر قىسمىنى ئۆزىگە ئايرىۋالغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى خوپ كۆرمىگەن، يەنى «ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان بولساڭلار، بۇ ماللار سىلەرگە بېرىلەرمىدى؟» دەپ ماللارنى قايتۇرۇۋالغان. [29] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سودىدا مونوپوللۇققا لەنەت ئوقۇغان. سودىدا ئالدامچىلىقنى ۋە سودىگەرلەرنىڭ ساتقۇچىلارنىڭ يولىغا چىقىۋېلىپ سودا قىلىشنى چەكلىگەن. [30] بۇ دەۋردە ئائىلە ئىشلىرىغا دەخلى تەرۇز يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەردە بولۇش، گۇمانخورلۇق، مەسخىرە قىلىش، تارازا-ئۆلچەمدە ئادىل بولماسلىق، زۇلۇم قىلىش، يامانلىققا يول قويۇش، ھاكاۋۇرلۇق، پىتنە-پاسات تارقىتىش، سۆز-ھەرىكىتى، يۈرۈش-تۇرۇشى ئارقىلىق ئەتراپىدىكى ئىنسانلارنى بىئارام قىلىش، ئاداۋەت ساقلاش، ئىنتىقام ئېلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر جاھىلىيەتنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇلارنى قەتئىي يوسۇندا مەنئى قىلغان.

### 5) ھەمكارلىق

ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان جەمئىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. مەككە ۋە مەدىنە دەۋرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەر ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن بىر-بىرىگە يار-يۆلەكتە بولاتتى. مەدىنەلىك مۇسۇلمانلار مۇھاجىرلارنىڭ ھەر تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىدىن كۈچىنىڭ يېتىشىچە چىقاتتى. شۇڭا ئۇلار «ئەنسارىي-ياردەمچىلەر» دېگەن نامغا

(26) سۈرە مائىدە، 37/5؛ بۇخارىي، ئەنبىيا، 54؛ مۇسلىم، ھۇدۇد، 8،9،10،11؛ ئىبنى ماجە، فىتەن3.

(27) بۇخارىي، ئىستىئزان، 12؛ مۇسلىم، ئەيمان 37؛ ئەبۇ داۋۇد، سۈننەت15.

(28) سۈرە بەقەرە،275/2-276، 278-280.

(29) مۇسلىم، ئىمارەت، 26.

(30) بۇخارىي، بۇيۇئ، 49؛ مۇسلىم، بۇيۇئ، 11.

ئېرىشكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پېقىر-مىسكىن، يوقسۇل ۋە يېتىملەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە ھېسابلىغان، يەنى: «ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇنۇم بولسا، ئۇنىڭدىن قەرزىمنى تۆلەشكە ئېلىپ قالغىنىمدىن باشقا بىر دىنارنىمۇ يېنىمدا قالدۇرۇش مېنى خۇشال قىلالمايدۇ»[31] دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىسىنى مۇسۇلمان قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە، كامىل مۇئمىن بولالمايدۇ»[32] دېيىش ئارقىلىق ھەمكارلىشىشنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلىگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سېخىيلىق قىلىشنى، بېخىللىقتىن يىراق تۇرۇشنى، يېتىمنىڭ مېلىنى قوغداشنى،[33] ياردەمنى ھالال رىزىقتىن قىلىشنى، [34] ياردەمنى دەسلەپ ئۆز يېقىنلىرىدىن باشلاشنى [35] ئۇقتۇرغان ھەمدە بۇلارنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن.

## سىياسىي ئالاھىدىلىكلەر

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككە ۋە مەدىنە دەۋرىدىكى سىياسىي مۇناسىۋەتلەردە سۈلھى يولىنى تۇتۇپ كەلگەن. دەۋەت يولىدا توسالغۇلارغا ئۇچراپ سىياسىي جەھەتتىن بېسىمغا ئۇچرىغاندىلا ئاندىن ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى قوللانغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدە مۇشرىكلار بىلەن يارىشىپ قېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ھەمدە بۇ ئويىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەدىنەگە ھىجرەت قىلغاندا، ئەڭ ئاۋۋال قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ كىشىلەرنى ئۆزلىرى بىنا قىلغان مەسجىدكە توپلىغان. ئاساسىي قانۇن چىقىرىپ پۈتۈن مەدىنە خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېموكراتىك جەمئىيەت ۋە دۆلەت تەشكىلاتى بەرپا قىلغان. ئاساسىي قانۇندا ھەر قايسى جەھەتلەردىن رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك سىياسىي ۋە قانۇنىي پرىنسىپلار ئادىللىق، باراۋەرلىك ئاساسىدا نەزەرگە ئېلىنغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېيىنكى دەۋرلەردە مەدىنە ئەتراپىدىكى قوشنىلىرى بىلەن سۈلھى تۈزۈشۈپ بىر تەرەپتىن

(31) بۇخارىي، رىقاق، 14؛ مۇسلىم، زاكات، 31.

(32) بۇخارىي، ئىمان،7؛ مۇسلىم، ئىمان.7؛ تىرمىزىي، قىيامە، 59.

(33) بەقەرە، 220/2.

(34) بۇخارىي، زاكات، 8؛ مۇسلىم، زاكات، 64.

(35) بەقەرە، 215/2.

قوشنىلىرىنى خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قوشنىلىرىغا مەدىنەدە قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ سىياسىي كۈچىنى ئېتىراپ قىلدۇرغان. ھىجرىيە 6-يىلى قۇرەيشلەر بىلەن ئىمزالانغان «ھۇدەيبىيە تىنچلىق سۈلھىسى» مەدىنە دۆلىتىنى پۈتۈن ئەرەبىستاننىڭ قوبۇل قىلىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تىنچلىق ۋە ئەمىنلىك ئۈستىگە قۇرۇپ چىققان بۇ جەمئىيەت سىياسىي نۇقتىدىن بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

1) **ئىشەنچ تۇيغۇسى**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنەدە قۇرغان دۆلەت ھەرقانداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان كۈچلۈك، قۇدرەتلىك دۆلەت ئىدى. مەسجىدنىڭ بىنا قىلىنىشى ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى[36] مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىناقلىقنى، سۆيگۈ-مۇھەببەت، ھەمكارلىق ۋە خاتىرجەملىكنى ساقلاپ قالىدىغان ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەيدىغان ئەھمىيەتلىك بىر قەدەم بولۇپ قالغان.

مەدىنەدە بارلىققا كەلتۈرۈلگەن سىياسىي تۈزۈلمە دۆلەت بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۆز-ئارا خاتىرجەملىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. جەمئىيەتتىكى يەھۇدىيلار، مۇشرىكلار ۋە مۇناپىقلار مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئورنىتىلغان بۇخىل ئىناقلىقنى، بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنى بۇزالمىغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنە ئىچى-سىرتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىپ ئىمزالىغان «مەدىنە سۈلھىسى» مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىشەنچنى ئاشۇرغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنە دۆلىتىنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇسۇلمانلار ۋە غەيرى مۇسۇلمانلارغا قانۇن دائىرىسىدە ئادىل ۋە باراۋەر مۇئامىلە قىلغان. مەدىنە دۆلىتىدە خاتىرجەملىك ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولسىمۇ، يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارغا ۋە بۇ دۆلەتكە قارشى چىققان. جەمئىيەتتە پىتنە-پاسات ئۇرۇقى تارقاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ خىل رەزىل قىلمىشلىرى ئاخىرىدا ئۆزىنى ھالاك قىلغان.[37]

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام چىقارغان ھەر

(36) ئىبنى ھەبىب، كىتابۇل-مۇخەببەر، بەيرۇت 1941، 71.

(37) ئىبنى ھىشام، 2، 50-54، 244-246.

بىر قارارىدا ئۆزىنىڭ، ئائىلىسىدىكىلەر ۋە ئەتراپىدىكى يېقىنلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىمەستىن، ئەكسىچە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، كېڭىشىشنى ئاساس قىلىپ، جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان. جاپا-مۇشەققەتتە ئالدىدا، راھەت-پاراغەتتە ئارقىدا تۇرغان. جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ خىل ئىش-ھەرىكەتلىرى جەمئىيەتنىڭ تىنچ -ئامانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

2) **قەبىلىۋازلىق**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، پەيغەمبەرلىكىنىڭ تۇنجى كۈنلىرىدىن باشلاپ جاھىلىيەت دەۋرىدە ساقلىنىپ قالغان قەبىلىۋازلىقنىڭ ئورنىغا «دىنىي قېرىنداشلىق» نى دەسسەتكەن. «مەدىنە سۈلھىسى» ئارقىلىق ئىرقى ، تىلى ۋە دىنىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر «بىللە ياشاش» ئۆلچىمىنى يولغا قويغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەلق ئارىسىدىكى قەبىلىۋازلىقنى چەكلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كىشىلەر ئارىسىدىكى يۇرتۋازلىققا ئالاقىدار مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان. ئەنسارىيلار بىلەن مۇھاجىرلار ئارىسىدىكى تەڭپۇڭ مۇناسىۋەتنى ساقلىغان. باشتىن باشلاپلا بۇ ئىككى گۇرۇھ ئارىسىدىكى قەبىلىۋازلىقنىڭ ئورنىغا دىنىي قېرىنداشلىقنى دەسسىتىشكە تىرىشقان. مەسىلەن؛ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىن سەپەرگە چىققان قوشۇنلارغا بەزىدە مۇھاجىرلاردىن بەزىدە ئەنسارىيلاردىن قوماندان تەيىنلىگەن. مەدىنىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئورنىغا ئورۇنباسار بولۇپ قالىدىغان كىشىلەرمۇ شەرت-شارائىتىغا قاراپ، مۇھاجىر ياكى ئەنسارىيلاردىن بولغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ خىل ئادىل ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ۋالىي ، تەھسىلدار[38] ۋە تەبلىغ ھەيئەتلىرى ئەۋەتىش قاتارلىقلاردىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەلق ئارىسىدىكى قەبىلىۋازلىقنى سۇسلاشتۇرۇش ئۈچۈن قەبىلىلەرگە تەيىنلەنمەكچى بولغان ئەمەلدارلارنىمۇ ئوخشىمىغان جەمەتلەردىن تاللىغان. مەسىلەن؛ نەجران قەبىلىسىگە ئۇمارە ئىبنى ھەزم ئەلئەنسارىينى، سەنئا رايونىنىڭ زاكات يىغقۇچىلىقىغا مۇھاجىر ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە ئەل مەخزۇمىينى تەيىنلىگەن. مەككە ۋالىيلىقىغا ئۇزۇندىن باشلاپ بۇ ۋەزىپىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان قۇرەيش

(38) ئۆشرە-زاكات يىغقۇچى، يەنى، باج ۋە مالىيە خادىمى.

قەبلىسىدىن بولغان ئەتتاب ئىبنى ئەسىدنى تەيىنلىگەن. ھەتتا كەئبىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىك خىزمىتىنى بۇرۇنمۇ بۇ خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن تەلھە ئىبنى تەلھە ۋە ئوسمان ئىبنى تەلھەگە، سقايە خىزمىتىنى بولسا ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتىگە بەرگەن.[39]

## 3) ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىكى سەزگۈرلۈك

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان ئەمەلدارلار كەمتەر، ئىپسىل مىجەزلىك، مېھرى -شەپقەتلىك، بارلىقنى ئىنسانلارغا بېغىشلىيالايدىغان، ئۆز ۋەزىپىسىگە سادىق، لاياقەتلىك كىشىلەر ئىدى. ئەمەلدارلىققا، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەمەل قىلىشنى پرىنسىپ دەپ بىلىدىغان، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ بىرلىك-باراۋەرلىكىنى، شەخسنىڭ ھۆزۈر-ھالاۋىتىنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان، پىتنە-پاساتقا ئالدانمايدىغان كىشىلەردىن سايلىناتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پاداڭلار توغرىلىق سوراق قىلىنىسىلەر»[40] دېيىش ئارقىلىق، كىشىلەرنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە ئاگاھلاندۇرغان. بولۇپمۇ خەلق ئارىسىدىكى ئەمەلدارلارغا: «كىمكى مېنىڭ ئۈممىتىمگە قارشى چىقىپ، ياخشىلىرىنى ۋە يامانلىرىنى ئۇرسا، مۇئمىنلەردىن تەپتارتمىسا، ۋەدە قىلغان كىشىنىڭ ۋەدىسىنى ئورۇندىمىسا،ئۇنداق كىشى مېنىڭ قاتارىمدىن ئەمەس، مەنمۇ ئۇ كىشىنىڭ قاتارىدىن ئەمەس»[41] دېيىش ئارقىلىق، ئۇلاردىن خەلق ئالدىدا ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنى، زالىملىق ھەرىكەتلىرىدىن يىراق تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ، ئاللاھنىڭ كىتابى بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزگەن ئەمەلدارلارغا ئىتائەت قىلىش كېرەكلىكىنى بايان قىلغان.[42] ئۈممەتلەرنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئەمەلدارلاردىن خەلققە زورلۇق، زوراۋانلىق قىلماسلىقنى، ئۇلارغا زۇلۇم سالماسلىقنى، ھەقىقەت ۋە ھۆرلۈك بويىچە ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلغان. «ئەي ئاللاھ! بىرەر كىشى

(39) كەيتانى، 1، 147، 148، 194، 197.

(40) بۇخارىي، جۇمە 11، جەنائىز 32؛ مۇسلىم، ئىمارات 20؛ ئەبۇ داۋۇت، ئىمارەت 1.

(41) مۇسلىم، ئىمارات 53،54؛ نەسەئىي، تەھرىم6؛ ئىبنى ھەنبەل، 5/24.

(42) مۇسلىم، ھەج 311؛ تىرمىزى، جىھاد28؛ ئىبنى ماجە، جىھاد 3.

ئۈممىتىم ئۈچۈن بىرەر ۋەزىپىنى ئۈز ئۈستىگە ئېلىپ ئۈممىتىمگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرسا سەنمۇ ئۇ كىشىگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرغىن! يۇمشاق مۇئامىلىدە بولسا سەنمۇ ئۇ كىشىگە يۇمشاق مۇئامىلىدە بول!» [43] دېيىش ئارقىلىق خەلققە ياخشى مۇئامىلىدە بولغان ئەمەلدارلارنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ ھەقىقەت ۋە خەلق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. پەيغەمبىرىمىز يەنە: «مەندىن كېيىن قايغۇلۇق ۋە قوبۇل قىلالمىغۇدەك ئىشلار مەيدانغا كېلىدۇ.»[44] دەپ كېيىنكى دەۋرلەردە يۈز بېرىدىغان پايدىسىز ئىشلاردىن بىزنى خەۋەرلەندۈرگەن.

## ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكلەر

مۇھەممەد ئەلەيھسسالام جاھىلىيەت دەۋرى ۋە ئىسلامىيەتنىڭ تۇنجى يىللىرىدا، سودا-تىجارەت ئىشلىرى جانلانغان مەككە شەھىرىدە ياشايتتى. قۇرەيشلەر تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ياز، قىش پەسلىدە [45] ئىككى قېتىم سۇرىيە ۋە يەمەنگە باراتتى. كەئبە مەككىدە بولغاچقا مەككىگە ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەر ئۇكاز، مەجەننە ۋە زۇلمەجاز قاتارلىق بازار-يەرمەنكىلەرگە كېلەتتى. مانا بۇلار مەككە رايونىدىكى سودا-سېتىقنى جانلاندۇرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى.

### 1) مەدىنە شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى

مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى بىلەن مەدىنىدە بىر قاتار ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. مەدىنەدىكى خەلق ئاساسلىقى دېھقانچىلىققا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا ئەگىشىپ مەدىنە شەھرىگە كەلگەن ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ئىبنى ئەففان، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام قاتارلىق كىشىلەر بۇ يەردە سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ بۇ جاينىڭ سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغان.

مەدىنە بازارلىرىدا بۇغداي، زەيتۇن يېغى، تېرە، كىيىم-كېچەك، رەخت، جەڭ قوراللىرى، ئات، تۆگە، قوي، كالا قاتارلىقلار ۋە تېببىي دورا سېتىلاتتى.[46]

(43) بۇخارىي، سالات33؛ مۇسلىم، ئىمارات19؛ ئەبۇ داۋۇت نىكاھ 8.

(44) بۇخارىي، مەناقىب؛ مۇسلىم، ئىمارات؛ تىرمىزىي، فىتەن.

(45) سۈرە قۇرەيش/4-1.

(46) كەيتانى، 270/2.

بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ بىر قىسمى ھىجاز ۋە يېقىن ئەتراپتىكى رايونلاردا ئىشلەپ چىقىرىلاتتى. يەنە بىر قىسمى قوشنا ئەللەردىن كىرگۈزۈلەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ياشىغان دەۋردە دىنار (ئالتۇن تەڭگە) ۋە دىرھەم (كۈمۈش تەڭگە) قاتارلىق پۇللار ئىشلىتىلەتتى. بۇ پۇللار ۋىزانتىيە بىلەن ئىرانغا تەۋە بولۇپ پۇل ئۇستىگە ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ۋە ئىران خىسرەۋنىڭ رەسىملىرى ئويۇلغان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ پۇللارنى ھېچقانداق ئۆزگەرتمىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا بۇرۇن ئىشلىتىلگەن تارازا-ئۆلچەم بىرلىكلىرىنىمۇ ھېچقانداق ئۆزگەرتمەي ئىشلەتكەن.[47]

مۇھاجىرلار، مەدىنەگە ھىجرەت قىلغان دەسلەپكى يىللاردا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇلار بۇ قىيىنچىلىقنى ئەنسارىي قېرىنداشلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق يەڭگەن. كېيىنكى كۈنلەردە، مۇھاجىرلەر تىرىشىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلىغان. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى خەندەك ئۇرۇشىغىچە داۋاملاشقان بولۇپ بۇ دەۋردە، مۇسۇلمانلار پېقىرلەرگە زاكات بېرىش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەڭپۇڭلۇقنى تەڭشەپ تۇرغان.

بۇ دەۋردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بىر قىسىم مۇسۇلمانلار پات-پات كېلىپ تۇراتتى ۋە ماددىي جەھەتتىن قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتىشاتتى.[48] «ھۇدەيبىيە سۈلھىسى» بىلەن «خەيبەرنىڭ فەتھى»دىن كېيىن ئىقتىساد تەرەققىي قىلىپ[49] بىر قىسىم ساھابىلەر ۋارىسلىرىغا مال-مۈلۈك مىراس قالدۇرالىغۇدەك دەرىجىدە بېيىغان.[50]

مەدىنە شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي يېزا ئىگىلىك كەسپىگە تايىناتتى. خورما، ئۈزۈم، ئارپا، بۇغداي ئاساسلىق مەھسۇلات ھېسابلىناتتى. ھىجرەتتىن كېيىن جىھاد قىلىش سەۋەبلىك يېزا ئىگىلىك كەسپىنىڭ چېكىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئائىلە ئەزالىرى نۆۋەت بىلەن جىھادقا چىقاتتى. مەسىلەن؛ سەئىد ئىبنى ئۇبادە بىر يىل جىھادقا چىقسا،يەنە بىر يىلدا جىھادقا ئوغلىنى ئەۋەتكەن.[51]

(47) كەيتانى، 173،186/2.

(48) ئىبنى ھەجەر ئەل-ئەسقەلانىي، ئەل-ئىسابە، بەيرۇت، 1328-يىل. 231/2.

(49) بۇخارىي، ۋاكالەت3؛ ئىبنى ئىدرىس، ئابدۇللاھ ئابدۇل-ئەزىز، مۇجتەمەئۇل-مەدىنە، رىياد1992-يىل.

(50) ئىبنى سەئەد، 3/114-115.

(51) ئىبنى ئىدرىس، ئابدۇللاھ ئابدۇل-ئەزىز، مۇجتەمەئۇل-مەدىنە، رىياد1992-يىل. 196-بەت.

مۇھاجىرلار مەدىنىگە كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە ئەنسارىيلارنىڭ يەرلىرىدە ئىشلەمچىلىك قىلىش، بازاردا سودا-تىجارەت قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامدىغان.[52] مۇھەممەد ئەلەيھسسالام «كىمنىڭ يېرى بولسا تېرىسۇن، ئۆزى تېرىمىسا ئۇنى دىن قېرىندىشىغا تېرىتقۇزسۇن»[53] دەپ تېرىلغۇ يەرلەرنى بوش قويغۇزمىغان. ساھابىلەرمۇ بۇنىڭغا ئەمەل قىلغان. مەسىلەن؛ ھەزرىتى ئەلىمۇ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بىر قىسىم ساھابىلەر تېرىلغۇ يەرلىرىدىن شېرىكچىلىك شەكلىدە پايدىلانغان.[54]

مۇھەممەد ئەلەيھسسالام دۆلەتنىڭ بوز يەرلىرىنى ئاچقۇزۇپ، يەرلەرنى تېرىقچىلىق قىلغۇدەك ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقارغان. بىر قىسىم يەرلەرنى ساھابىلەرنىڭ ئېچىشى ئۈچۈن بەرگەن.[55]

**2) سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرلەر**

مۇھەممەد ئەلەيھسسالام ھىجرەتتىن كېيىن ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇپ، سودا قەدىمنى تىزلىتىش ئۈچۈن جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەسلىدە بار بولغان بازار يېرىگە يېقىندىن يەر قوشۇپ بازارنىڭ ئورنىنى كېڭەيتكەن.[56]

مۇھەممەد ئەلەيھسسالام ساھابىلەرگە «راستچىل ۋە ئىشەنچلىك سودىگەر پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە شەھىدلەر بىلەن باراۋەردۇر.» [57] دېيىش ئارقىلىق، ئۇلارنى سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلغان[58]. ئاياللارنىڭ سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن توسمىغان. مەسىلەن؛ كەيلا ئەل-ئەنمارىييە، ئەسما بىنتى مۇھاربە مۇلەيكە شۇ دەۋردىكى ئايال تىجارەتچىلەردىن ئىدى. مىقدام ئىبنى مەئدىيكەرىبنىڭ جارىيەسى سۈت ساتاتتى، مىقدام ساتقان سۈتنىڭ پۇلىنى يىغاتتى.[59]

(52) كەيتانى، 323/2.

(53) مۇسلىم، بۇيۇئ88.

(54) كەيتانى، 324/2.

(55) ئىبنى ئىدرىس، ئابدۇللاھ ئابدۇل-ئەزىز، مۇجتەمەئۇل-مەدىينە، رىياد1992-يىل. 204-205-بەتلەر.

(56) ئىبنى ماجە، تىجارەت 40؛ كەيتانى، 378/2.

(57) تىرمىزى، بۇيۇئ 4.

(58) ئىبنى ھەجەر ئەل-ئەسقەلانىي، ئەل-ئىسابە، بەيرۇت، 1328-يىل. 29/2.

(59) كەيتانى، 270/2-271-298.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پايدىنىڭ ئوندا توققۇزىنىڭ سودا-تىجارەتتە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. سودا-تىجارەتنى ئەتىگەندە باشلاشنى [60] تەۋسىيە قىلغان. جۈمە نامىزى ۋاقتىدا سودا قىلىشنى چەكلىگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە «كىمكى بىر ئۆي ئېلىپ ياكى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىنى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر ئىشقا خەجلىمىسە ئۇ كىشى بۇ پۇلىسىنىڭ بەرىكىتىنى كۆرۈشكە لايىق بولالمايدۇ.»[61] دېيىش ئارقىلىق، نەق پۇلنى مەبلەغ سېلىپ ئىشلىتىشكە رىغبەتلەندۈرگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تاپاۋەتنىڭ ھالالدىن بولۇشىنى تەۋسىيە قىلغان.[62] ھارام نەرسىلەرنى ئېلىپ سېتىشنى،[63] تىجارەتتە ئالدامچىلىق قىلىشنى مەنئى قىلغان. بازاردا ئۈستىگە قۇرۇق، ئاستىغا ھۆل بۇغداي قاچىلانغان تاغارنى كۆرگەندە، خېرىدارلارنى ئالدىغانلارنىڭ، مۇسۇلمانلار قاتارىدىن ئەمەسلىكىنى ئېيتقان.[64] پەيغەمبىرىمىز سودا-سېتىقتا قەسەم ئىچمەسلىككە، ۋە نېسى سودىدا گۇۋاھچىلارنىڭ شاھىدلىقى بىلەن ھۆججەت پۈتۈۋېلىشكە بۇيرۇغان.[65] سودىدا ئىككى تەرەپ پۈتۈشۈپ بولۇپ پۈتۈشكەن جايدىن ئايرىلمىغان شارائىتتا، بۇ سودىدىن يېنىۋالسا بولىدىغانلىقىنى،[66] ئۆز مېلىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى يوق كىشىلەرگە پۇل-مېلىنى تۇتقۇزۇپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى[67] بايان قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىڭ مېلىغا تاجاۋۇز قىلماسلىققا بۇيرۇغان. ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق تاپقان پۇلدىن باشقا پارا[68]، ئۆسۈم[69] ۋە قاراڭغۇ بازارچىلىق[70] يولى ئارقىلىق دۇنياغا ئېرىشىشتىن قاتتىق مەنئى قىلغان.

ئىسلام دىنىدا يېتىمنىڭ مېلىغا چېقىلماسلىققا ئەمىر قىلىنغان.[71] مىراس

(60) كەيتانى، 254/2

(61) ئىبنى ماجە، رۇھن 24.

(62) سۈرە بەقەرە، 275/2.

(63) مۇسلىم، مۇساقات 68؛ نەسائىي، بۇيۇئ 90.

(64) مۇسلىم، ئىمان 99؛ ئەبۇ داۋۇت. بۇيۇئ 1.

(65) سۈرە بەقەرە، 282/2؛ ئەبۇ داۋۇت، بۇيۇئ.

(66) بۇخارىي، بۇيۇئ 19.

(67) سۈرە نىسا، 5/4-6.

(68) مۇسلىم، ئىمارات 26.

(69) سۈرە بەقەرە، 275/2-276.

(70) ئىبنى ماجە، تىجارەت 6.

(71) سۈرە نىسا، 7/4-8، 137.

ئىشلىرىدا ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ ساقلىنىشى ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپتىن دىندا بېكىتىلگەن بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىنىشى تەلەپ قىلىنغان.[72]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سودا-سېتىق ئىشلىرىنىڭ راستچىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن دىنىي ئىشلارنى بىلدىغان، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغان، شېرىن سۆزلۈك، ئوچۇق يۈزلۈك، پاك-دىيانەتلىك ۋە ئەل ئارىسىدا نوپۇزى بار كىشىلەرنى مۇھتەسىبلىك (بازار باشقۇرۇش) ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەن. ھەمدە ئۇلاردىن بازاردا يۈز بەرگەن ھەر خىل قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلغان.[73]

شېرىكچىلىك شەكلىدىكى سودا-سېتىق ئىشلىرىدا بىر شېرىكنىڭ يەنە بىر شېرىكنىڭ خەۋىرىسىز مال ساتسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.[74] سودا-سېتىق ۋە يەر-زېمىن سودىسىدا غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن شېرىكچىلىك قىلسا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.[75]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام خەلق ئارىسىدىكى سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ھەر تۈرلۈك ھۈنەر-كەسىپكە ئېھتىياجلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. بېدىكلىك، تىككۈچىلىك، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، تامچىلىق، قاسساپلىق، تېرەچىلىكتىن باشلاپ ساتىراشلىق، تۇغۇت ئانىسى بولۇش، ھەمشىرىلىك، تېۋىپلىق، سۈننەتچىلىك ۋە ناۋايلىققىچە[76] بولغان نۇرغۇن كەسپلەرنىڭ خەلق ئارىسىدا داۋاملىشىپ، ئەمەلىي خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇنلۇق ھېس قىلغان. جاھىلىيەت دەۋرىدە ساقلىنىپ قالغان ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان ھۈنەر-كەسىپنىڭ بىرىنىمۇ چەكلىمىگەن. پەقەت كىشىلەرنى ھەر قانداق ئىش قىلىشتا ساختىلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان.[77]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئاياللارنىڭ بازارلاردا سودا-تىجارەت ۋە ھۈنەر-كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى چەكلەنمىگەن. مەسىلەن؛ بۇ دەۋردە ئاياللار رەخت

(72) سۈرە نىسا، 11،12،176/4.

(73) ئابدۇرراھمان ئىسا ئەس-سەلىم، ھىسبەتۇ-ن-نەبىي، بەيرۇت، 1993-يىل، 109-110-بەتلەر.

(74) مۇسلىم، مۇساقات 133؛ تىرمىزى، بۇيۇئ 69.

(75) مۇسلىم، مۇساقات 2،4،6.

(76) كەيتانى، 256،325/2-330، 332، 333، 339.

(77) ئەبۇ داۋۇت، دىيەت 23.

توقۇيتتى، كىيىم تىكەتتى، سۈت مەھسۇلاتلىرىدىن يېمەك-ئىچمەك تەييارلايتتى. بۇنىڭدىن باشقا تېرە ئاشلاش، باغ-ۋاران ئىشلىرىنى قىلىش، تۇغۇت ئانىسى بولۇش، ھەمشىرىلىك، تېۋىپلىق قاتارلىق ھۈنەر -كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيىتىنى نامايان قىلغان، شۇنداقلا جەمئىيەت ۋە ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىغا ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشقان.[78]

بۇ دەۋردە، باللاردىن ھۈنەر -كەسىپ ئىگىلەپ ، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەت ئىقتىسادىغا ھەسسە قوشۇش تەلەپ قىلىنغان. مەسىلەن؛ ھەزرىتى ئۆمەرگە بىرەر كىچىك بالا ئۇچرىسا بالىدىن ئۇنىڭ نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى سورايتتى، ئەگەر بالىدىن «ھۈنىرىم يوق» دېگەن جاۋابنى ئاڭلىسا ئۇ بالىنىڭ ئۆز نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، بۇ ئەھۋالدىن خوش بولمىغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى.[79]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى نازىل بولۇۋاتقان ئايەتلەر ۋە شۇ دەۋرنىڭ شارائىتىغا قاراپ ھەل قىلغان. جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ئىسراپخورلۇق ۋە بېخىللىق قىلىشتىن ساقلىنىشىنى، يېتىم، يوقسۇل، مۇساپىر ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشقا ياردەملىشىشنى، مال-مۈلكى بار ھەر قانداق كىشىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان[80]

## قانۇنىي ئالاھىدىلىكلەر

ئىسلامىيەت زېمىندا ئادالەتنىڭ بەرپا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. جەمئىيەتتە ئەمەلدارلار ۋە خەلقنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپە، ئۇلار ئارىسىدا پەيدا بولغان ئىختىلاپنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كەلگۈسىدە پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقى بار بولغان ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىشتا قۇرئان-سۈننەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە رازى بولۇشتۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جەمئىيەتتە ئادالەتنى ياقلىغان. بۇ جەريانىدا ئۆزى سورايدىغان دەۋا-دەستۇرلاردا تەرەپدارلارنىڭ ئالدىماسلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ: «مەنمۇ بىر ئىنسان، مېنىڭ ئالدىمغا دەۋالىشىدىغانلار كېلىدۇ، بىرىڭلار بىرىڭلاردىن

(78) ئىبنى ئىدرىس، مۇجتەمەئ، 223-225.

(79) كەيتانى، 256/2.

(80) ئەبۇ داۋۇت، ئىمارات35.

گەپكە ئۇستا بولۇپ، مەن ئۇنى راست دەۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قېلىپ ئۇنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم قىلىپ سېلىشىم مۇمكىن.» [81] دېگەن. ناھەقلىق بىلەن قولغا كەلتۈرگەن پايدىنىڭ ئوتتىن بىر پارچە[82] ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

ئىسلام دىنىدا نىكاھلىق تۇرۇپ زىنا قىلغان، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ۋە مۇرتەد (دىنىدىن يېنىۋالغان) بولغان كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال قىلغان.[83] باشقىلارنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكى ۋە يۈز ئابرۇيىغا دەخلى قىلغانلارغا، ۋەتەنگە قارىشى جىنايەت سادىر قىلغانلارغا، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى ئۇرۇش ئاچقانلارغا ئەڭ ئېغىر جازا بېرىلگەن.[84]

بۇلاردىن باشقا ھاراق-شاراب ئىچىش قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ تىنچ-ئامانلىقىنى بۇزىدىغان ھەر قانداق ئىش-ھەرىكەتلەر قانۇنىي جەھەتتىن تېگىشلىك جازاسىنى تارتقان.[85] مۇشۇنداق بىر قاتار مۇستەھكەم قانۇن-تۈزۈملەر نەتىجىسىدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە جىنايى ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى كۆرۈنەرلىك ئازايغان.

بۇ دەۋردىكى دەۋا-دەستۇرلارنى پەيغەمبىرىمىز ئۆزى بىۋاستە سورايتتى. بەزى چاغلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋا-دەستۇر سوراشتا مۇناسىپ دەپ قارىغان كىشىلەر سورايتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋا-دەستۇر سورايدىغان كىشىلەر (قازىلار)گە بەزى پىرىنسىپلارنى تەۋسىيە قىلغان. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئالدىڭدا ئىككى دەۋاگەر بولسا بىرسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغانغا ئوخشاش يەنە بىرسىنىڭ سۆزىگىمۇ قۇلاق سالمىغۇچە ھۆكۈم چىقارما»[86] دېگەن يوليورۇقنى بەرگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، دەۋا-دەستۇرلاردا گۇۋاھچىلارنىڭ سۆزلىرىگىمۇ قۇلاق سېلىشنى،[87] قانۇن ئالدىدىكى باراۋەرلىكنى، قانۇن ئىجرا قىلىشنى كىچىكتۈرمەسلىكنى، ھەر بىر ئىنساننىڭ پەقەت ئۆزىنىڭ جىنايىتىدىنلا جاۋابكار

(81) بۇخارىي، مەزالىم 16.

(82) مۇسلىم، ئەقدىيە، 4-5.

(83) بۇخارىي، دىيەت 22؛ مۇسلىم، قاسامە 6.

(84) قارالسۇن سۈرە مائىدە 33/5-34، 38-39؛ بۇخارىي، ئەھكام 19؛ مۇسلىم، ھۇدۇد 16، 22.

(85) مۇسلىم، ئەشرىبە، 68-70.

(86) كەيتانى،21/2،16،17.

(87) مۇسلىم، لئان 11،12.

بولىدىغانلىقىنى، قانۇن ئالدىدا ئىمتىيازنىڭ يوقلىقىنى، دەۋاگەرنىڭ خەۋرى ۋە رازىلىقىسىز ھېچقانداق كىشىدە جىنايەتچىنى ئەپۇ قىلىدىغان ھوقۇقنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئەقلى-ھوشى جايىدا كىشىلەرنىلا جازالاشقا بولىدىغانلىقىنى، ئادالەتنى بەرپا قىلىشتىكى پرىنسىپنىڭ پەقەت «ئاللاھتىن قورقۇش»[88] ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلغان ۋە بۇلارنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە تولۇق ئىپادىلىگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جازا ئىجرا قىلىشتا جىنايەتچىلەرنىڭ فىزىيولوگىيەلىك بەدەن تۈزۈلۈشىگىمۇ ئېتىبار بەرگەن. زۆرۈرىيەت بولغاندا جازا ئىجرا قىلىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرگەن. مەسىلەن؛ زىنا قىلغان بولسىمۇ لېكىن ھامىلىدار بولغان ئايالغا بۇيرۇلغان رېجىم جازاسىنى بۇ ئايال بالىنى يەڭگىپ، بالىسىنى سۈتتىن ئايرىپ بولغۇچە كېچىكتۈرگەن.[89] بىر ئايالنىڭ نىكاھتىن ئاجرىششى ئۈچۈن ئادەت ۋاقتىنىڭ تۈگىشىنى ساقلاشقا بۇيرۇغان.[90]

## ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكلەر

### 1) ئۆيلەر

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئۆيلەر مېمارچىلىقنىڭ ھەر خىل ئۇسلۇبىدا سېلىناتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن بىنا قىلىنغان ئۆيلەرگە يۇقىرىقى ئۇسلۇب ئۈرنەك قىلىنغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى ئۈچۈن بىنا قىلغان مەسجىدنىڭ يېنىدىكى ھۇجرىلىرى تۆت چاسا شەكىللىك، كېسەك تامدىن قوپۇرۇلغان ئادەتتىكى ئۆيلەر ئىدى.

كەيتانى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر بىر ئۆيىدە ھاجەتخانا، ئاشلىق ئامبىرى، ئاشخانا ۋە كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن سېلىنغان ئايرىم خانە، ئارام ئېلىش ئۆيى قاتارلىق ئايرىم-ئايرىم ئۆيلەرنىڭ بارلىقىنى نەقىل قىلغان.[91] بۇ دەۋردە شەھەردىكى ئۆيلەر ئىككى ياكى ئۈچ ئېغىزلىق قىلىپ سېلىناتتى. ئۆينىڭ ئۈستى خورما شاخلىرى بىلەن يېپىلاتتى. ئىشىك-دېرىزىلەر ياغاچ ۋە بۆزدىن ياسىلاتتى.

(88) قارالسۇن سۈرە بەقەرە، 185/2؛ سۈرە ئەنئام، 164/6؛ بۇخارىي، ھۇدۇد 12؛ ئىبنى ماجە، ھۇدۇد 6.

(89) ئىبنى ھەنبەل، 348/5.

(90) مۇسلىم، تالاق 10؛ نەسەئىي، تالاق 64.

(91) كاتتانى، 303/2.

كىشىلەر ھويلىسىغا كولانغان قۇدۇقتىن ياكى مەھەللىدىكى ئومۇمىي قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىپ ئىچەتتى.

يېزا-قىشلاقلاردا تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلار ئاساسەن چېدىر ئۆيلەردە تۇراتتى. چېدىر ئۆيلەر ئاساسەن راۋاق، ئەر- ئاياللار ۋە باللار كىرىش ئېغىزىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىشىكتىن تەركىب تاپقان. چېدىر ئىچىگە سۇ كىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەتراپىغا ئېرىق ئېلىنغانىدى.[92]

مۇھەممەد ئەلەيھسسالام ئۆي سالغاندا ئۆيلەرنى ئالاھىدە ھەشەمەتلىك سالماسلىقنى، رەتلىك، كۆركەم سېلىشنى، يولنى تارلاشتۇرۇۋەتمەسلىكنى[93] ۋە ئۆتلۈش ئېغىزلىرىنى توسۇۋالماسلىقنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ئۆينى پاكىز تۇتۇشنى تاپىلىغان.[94]

بۇ دەۋردە ئۆيلەر چىراغ نۇرى بىلەن يورۇتۇلۇپ، ئۆيگە بورا ۋە چىغدىن سېلىنچا سېلىناتتى. سۇپىغا تېرىدىن تىكىلگەن ياستۇقلار قويۇلۇپ كۆرپە سېلىناتتى. ئۆيدە تۆمۈر، شېشە، تېرە، ھېجىر، خۇمرا، لېگەن، تورسۇق، سۇ تۇلۇمى، خالتا، ياغاچ كۇپ، داستىخان، تاۋا ۋە قازان-قومۇش قاتارلىقلار ئىشلىتىلەتتى.[95]

## 2) نىكاھ ۋە ئائىلە

جەمئىيەتتە ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدىغان ئائىلىنىڭ قورۇلۇشىدا نىكاھ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھسسالام جاھىلىيەت دەۋرىدە قوللىنىلغان نىكاھلىنىش ئادەتلىرىدىن چاي ئىچكۈزۈش ئارقىلىق ئۆيلىنىشنى قوللانغان. بۇ خىل ئۇسۇل قوللىنىلغان نىكاھ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز-ئارا كۆرۈشۈشى، ئۆز-ئارا قوشۇلۇشى ئارقىلىق روياپقا چىقىدىغان نىكاھلىنىش ئۇسۇلىدۇر. ئىسلام دىنىدا يىگىتنىڭ رازىلىقى ئېلىنغىنىدەك، قىزنىڭمۇ رازىلىقى ئېلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن نىكاھلىنىدۇ. مەسىلەن؛ مۇھەممەد ئەلەيھسسالام قىزى فاتىمەنى ئۆيلىگەندە، دەسلەپ قىزنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن نىكاھلاندۇرغان.[96]

---

(92) نەبى بوزكۇرت، «ئەسرى سائادەتتە ئۆيلەر ۋە ئائىلە ھاياتى»، ئەسرى سائادەتتە ئىسلام، 42-5/30.

(93) بۇخارىي، مەزالىم 29؛ مۇسلىم، مۇساقات143.

(94) ئەبۇ داۋۇت، جىھاد 97. كەتتانى، 41/2.

(95) كاتتانى،188/1؛ نەبى بوزكۇرت، «ئەسرى سائادەتتە ئۆيلەر ۋە ئائىلە ھاياتى»، ئەسرى سائادەتتە ئىسلام، 5/34-57.

(96) نەسائىي، نىكاھ 7؛ ئىبنۇ جەۋزىي، مۇنتەزەم، 85/3.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە نازىل بولۇۋاتقان ئايەتلەر ۋە بۇ ئايەتلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئارقىلىق ئەر-ئاياللارنىڭ تۆۋەندىكى كىشىلەر بىلەن نىكاھلىنىشى چەكلەنگەن- ئانىسى، قىزى، قىز قېرىندىشى، قىز ۋە ئەركەك قېرىندىشىنىڭ قىزلىرى، ئىنىكئانىسى، ئېمىلداش تۇغقىنى، قېيىن ئانىسى، ئۆگەي قىزلىرى، ئۆز ئوغلىنىڭ ئايالى قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى قېرىنداش ئايالنى بىر ۋاقىتتا نىكاھىغا ئېلىش، ئانىسىنىڭ ۋە دادىسىنىڭ بىر تۇغقانلىرى بىلەن ۋە بۇتپەرەس ئايال بىلەن نىكاھلىنىشمۇ چەكلەنگەن. مۇسۇلمان ئايالنىڭ پەقەت مۇسۇلمان ئەر بىلەنلا ئۆيلىنىشى بەلگىلەنگەن. يۇقىرىقىدەك ھۆكۈملەر ئارقىلىق، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئىپپەت-نومۇسى ۋە ئەركىنلىكى قوغدالغان.[97]

ئىسلامىيەتتە، دادىنىڭ ئۆز قىزىغا لايىق يىگىت ئىزدىشى ئەجەبلىنەرلىك ھېسابلانمايدۇ.[98] ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇل قالغان قىزى نەفسەنى ئەبۇبەكىر ۋە ئوسمانغا سايە قىلغان. ئەمما ئۇلار بۇنى رەت قىلغان. لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نەفسەنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىپ ئۆمەرنى خۇشال قىلغان.[99]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىز تاللاشتا ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، نەسەبى، چىرايى ۋە دىنىغا قاراشلار دەپ كۆرسەتكەن ۋە دىندارلىقنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلغان.[100] مەھر (تويلۇق) بەرمەي ئۆيلىنىشنى، تويلۇقتا مەلۇم ئۆلچەم بېكىتىۋېلىشنى،[101] باشقىلارنىڭ سۆز ئاچقان لايىقىغا سۆز ئېچىشنى[102] توسقان. تويدا مېھمانلارغا زىياپەت بېرىشكە رىغبەتلەندۈرگەن.[103]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆيلەنمەكچى بولغان ھەر ئىككى تەرەپ ھەممە جەھەتتىن تەڭ، باراۋەر بولۇشى، بويتاقلارنى ئۆيلەندۈرۈپ قويۇشى، ئەر-ئاياللارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىدىكى گۈزەل ئىش-ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق باشقىلارغا ئۆرنەك بولۇشى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر-بىرىنىڭ ھەق ۋە ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىشنى، بالىلار

(97) سۈرە بەقەرە، 221/2؛ سۈرە نىسا، 23/4؛ سۈرە نەھىل، 72/16؛ مۇسلىم، نىكاھ 39-40.

(98) بۇخارىي، نىكاھ 36.

(99) ئىبنى سەئەد، 81/8-82.

(100) نەسەئىي، نىكاھ 13.

(101) سۈرە نىسا 20/4.

(102) بۇخارىي، نىكاھ 45؛ مۇسلىم، نىكاھ 38،75.

(103) بۇخارىي، نىكاھ 55؛ مۇسلىم، نىكاھ 89، 90-91.

ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلغان.[104] ئائىلىنى ساغلام، مۇستەھكەم تۇۋرۇك ئۈستىگە قۇرۇشنى، ئىپادىلەپ ۋاقىتلىق نىكاھلىنىش (نىكاھى مۇتئە) نى كەسكىن مەنئى قىلغان.[105]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس قورغاننىڭ مەڭگۈلۈك داۋاملىشىشى ئۈچۈن ئەرنىڭ يات ئايال بىلەن، ئايالنىڭ يات ئەر بىلەن يالغۇز بىر يەردە قالماسلىقنى، نىكاھلانغان ئەر ياكى ئايالنىڭ ئۆيلەنمىگەن ياكى بويتاق ئەر-ئاياللار بىلەن بولغان ئالاقىدە ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى، باشقىلاردا يامان تەسىر ياكى گۇمان پەيدا قىلىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى تارتىشنى، ئەر ياكى ئايالنىڭ رۇخسەتسىز ئۆز ئۆيىدىن باشقا ئۆيلەرگە كىرىپ چىقماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان.[106] ئائىلىدە يۈز بېرىدىغان ھەر خىل كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا بولىدىغانلىقنى،[107] ئاجرىشىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلىش چارىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.[108]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە باشقىلارنىڭ ئائىلىسىدىكى ئىشلارغا، ئۇلارنىڭ مەخپىيەتلىكىگە ئارىلاشماسلىقنى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر-بىرىگە كۆيۈنۈپ، مېھرى-مۇھەببەت يەتكۈزۈپ، ئۆز-ئارا ھۆرمەتلىشىشنى تەۋسىيە قىلغان.[109] ئەلۋەتتە بۇ خىل ھەرىكەتلەر ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ كۈچەيتىپ ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرىدۇ.

### 3) كۆڭۈل ئېچىش

ئىسلامىيەت كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان رېئال ئىجتىمائىي مۇھىتنى نەزەرگە ئالغان. يوللۇق شەكىلدىكى ھەر خىل ئويۇنلار ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا رۇخسەت قىلغان.[110] نۆۋەتتى

(104) سۈرە بەقەرە، 233/2؛ سۈرە نىسا 34/4؛ بۇخارىي لىباس 106؛ مۇسلىم، لىباس 127؛ ئەبۇ داۋۇت، نىكاھ 34.

(105) بۇخارىي، ھەج 34، مەغازىي 38؛ مۇسلىم، نىكاھ 11، 13، 16، 18،19.

(106) بۇخارىي، سەيد 26؛ مۇسلىم، ھەج 413، 418، سالام 19.

(107) سۈرە نىسا، 128/4-130.

(108) سۈرە بەقەرە، 228/2؛ تالاق 1/65.

(109) سۈرە تەھرىم، 3/66. ئىبنى ماجە، نىكاھ 4.

(110) كەيتانى، 373/2، 162/3.

كەلگەندە يەنە كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشنى تەرغىب قىلغان. كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتتىق چەكلىمە قويمىغان. توي بولغان كېچىدە داپ چېلىش، ناخشا ئېيتىش قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشنى تەۋسىيە قىلغان.[111] خۇشاللىق كۈن ياكى مۇراسىم كۈنلىرىدە كىشىلەرنىڭ شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش، ناخشا ئېيتىش ۋە داپ چېلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق كۆڭۈل ئېچىشنى خوپ كۆرگەن.[112]

### 4) كىيىم-كېچەك

ئىسلام دىنىدا كىيىم-كېچەك كىيىشتە ئىسراپچىلىق قىلىشقا ۋە ھەشەمەتچىلىك قوغلىشىشقا بولمايدۇ. ئىسلام دىنى ئەرلەرنىڭ يىپەكتىن تىكىلگەن كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىشنى ۋە ئالتۇن ئىشلىتىشنى ھارام قىلغان.[113] ئەرلەرنى ۋە ئاياللارنى ئورىنىشقا بۇيرۇغان .[114] مۇھەممەد ئەلەيھسسالام ئەۋرىتىنى ئوچۇق قويغان بىر كىشىگە: «كىيىمىڭنى كەي ۋە يالىڭاچ يۈرمە»[115] دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھسسالام ئەۋرەتنى يېپىشقا رىئايە قىلىش ھەققىدە: «ئاللاھ ئورىنىشنى ۋە ھايانى ياخشى كۆرىدۇ»،«كىشى يۇيۇنغاندا ئۆزىنى دالدىغا ئالسۇن»[116] دېگەن. ئىنسانلارنى كىيىم-كېچىكنى پاكىزە تۇتۇشقا، ئەر-ئاياللارنىڭ كىيىنىشتە بىر-بىرىگە ئوخشۇالماسلىقنى ۋە ئىنسانلارنى يەردە سۆرۈلۈپ قالغۇدەك دەرىجىدە ئۇزۇن كىيىم-كىيمەسلىكنى تەۋسىيە قىلغان.[117]

مۇھەممەد ئەلەيھسسالام دەۋرىدە ئەر-ئاياللار ئەرەبلەرنىڭ كىيىنىش ئادىتى بويىچە كىينەتتى. ئەرلەر بېشىغا سەللە يۆگەيتتى، تون-رىدا ۋە تامبال قاتارلىق كىيىملەرنى كىيەتتى. ئاياللار بېشىغا ياغلىق چىگەتتى، ئۇزۇن ئىشتاننىڭ ئۈستىگە كۆينەك كىيەتتى.[118] مۇھەممەد ئەلەيھسسالام كۆپ ھاللاردا قارا رەڭلىك سەللىسىنى ۋە ئاق رەڭلىك كۆينىكىنى كىيىۋالاتتى. بۇ ھەقتە شەمائىلىي نەبىي

(111) بۇخارىي، نىكاھ 63؛ كەيتانى، 356،372/2.

(112) بۇخارىي، نىكاھ 63؛ كەيتانى، 356،372/2.

(113) مۇسلىم، لىباس، 52، 59، 60، 61.

(114) سۇرە ئەھزاب، 59/33.

(115) مۇسلىم، ھەيز 78؛ ئەبۇ داۋۇت، ھەممام2.

(116) ئەبۇ داۋۇت، ھەممام 2.

(117) بۇخارىي، لىباس68؛ مۇسلىم، لىباس 47؛ ئىبنى ھەنبەل، 264/5.

(118) ئىبنى سەئەد، 478/1، 103/2.

(پەيغەمبەرنىڭ مىجەز-خاراكتېرى ۋە گۈزەل ئەخلاقى) گە ئالاقىدار كىتابلاردا تەپسىلىي مەلۇماتلار بېرىلگەن

5) **يېمەك-ئىچمەك**

ئىسلام دىنىدا پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، غىزالىنىشتىن بۇرۇن ۋە غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن قول يۇيۇلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام غىزالانغاندا كۆپ گەپ قىلماسلىقنى، غىزانى ئاز-ئازدىن ئېلىپ يېيىشنى، بەك تويۇنۇپ يېمەسلىكنى، چاقىرىلغان زىياپەتكە بېرىش لازىملىقنى بايان قىلغان.[119] غىزالىنىشتا ھەشەمەتچىلىك قىلىشتىن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان لېگەن -تەخسىلەردە تاماق يېيىشتىن ساقلانغان. ئارپا نېنى، خورما، ھەسەل، زەيتۇن، قوغۇن، تاۋۇز، كاۋا، سۈتتىن ياسالغان ھەرخىل يېمەكلىكلەر ، مېۋە-چېۋىلەر ۋە ھەرخىل كۆكتاتلارنى ئىستىمال قىلغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سۇ، سۈت، ھەسەل شەربىتى قاتارلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچكەن. ئىچىملىكلەرنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچمەسلىكنى، ئىچىملىك ئىچكەندە بىرلا كۆتۈرۈپ گۈپۈلدىتىپ ئىچمەستىن، ئالدىرىماي تىنىپ ئىچىشنى تەۋسىيە قىلغان.[120]

ئىسلام دىنىدا بۇتقا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرى، چوشقا گۆشى، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرى ۋە ھاراق-شاراب قاتارلىق يېمەك-ئىچمەكلەر ھارام قىلىنغان يېمەك-ئىچمەكلەردۇر.[121]

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان جەمئىيەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا ئۈلگە قىلىنغان، قەبىلىۋازلىق ۋە مىللەتچىلىك يوقىتىلغان، بىرلىك ۋە باراۋەرلىك كەڭ ئومۇملاشقان، ئاللاھ ئالدىدىكى ۋە ئىنسانلار ئارىسىدىكى مەجبۇرىيەتلەر ئادا قىلىنغان، ئۆزى ۋە باشقىلىرىنىڭ ھوقۇقىغا رىئايە قىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكى، ھاياتى ۋە يۈز-ئابرۇيى قوغدالغان، ۋەدىگە ۋاپا قىلىنغان بولۇپ، ئىنسانلار كىبىردىن يىراقلىشىپ، قىمار ئويناشتىن، جازانىخورلۇقتىن، يالغانچىلىقتىن، غەيۋەت شىكايەت قىلىشتىن، تۆھمەت قىلىشتىن قول ئۈزۈپ، بىر-

(119) بۇخارىي، نىكاھ 71 ؛ مۇسلىم، نىكاھ 96-98، 106.

(120) مۇسلىم، ئەشرىبە 105،116،117؛ ئەبۇ داۋۇت، ئەشرىبە 19.

(121) سۈرە مائىدە، 90/5.

بىرىگە زۇلۇم قىلمىغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان جەمئىيەتتە ياخشى ئىش-ھەرىكەتلەر ئومۇملىشىپ، يامان ئىش-ھەرىكەتلەر چەكلەنگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان بۇ جەمئىيەت باراۋەرلىك، ھەققانىيلىق، ئادالەت ۋە ئەركىنلىك پىرىنسىپلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان جەمئىيەتتۇر. بۇ جەمئىيەتتە قېرىنداشلىق، ئىتتىپاقلىق، تىنچلىق ھۆكۈم سۈرگەن. ئۆچمەنلىك، پىتنە-پاسات، كىن-ئاداۋەت، دۈشمەنلىشىشنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە يول قويۇلمىغان. ئىنسانلار ئىمان، ئىبادەت، ۋە ئەخلاق دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەي «ئاللاھتىن قورقۇش»نى ئاساسىي نىشانغا ئايلاندۇرغان. مۆئمىنلەر بىر-بىرىگە مېھرى-شەپقەتلىك بولۇپ، ئۆز-ئارا كىن ئاداۋەت ساقلىماي، ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتكەن.[122] مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شەخسلەر بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتكەن. بارلىق قەبىلىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئۇلارنى بىر بايراق ئاستىغا يىغقان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان بۇ جەمئىيەت ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن زىننەتلەنگەن، جاھىلىيەتنىڭ ئېتىقاد ، ئىبادەت ۋە ناچار ئۆرپ-ئادەتلىرى تۈگىتىلگەن، ئىنسانلار ئارىسىدا ھەمكارلىق ۋە دوستلۇق ھۆكۈم سۈرگەن بىر جەمئىيەتتۇر. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك ھاياتىدا دىنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇنىي، ئىجتىمائىي جەھەتلەردىن ئىسلامىي پىرىنسىپلارغا تايانغان، مەسئۇلىيەتچانلىققا تولغان مۇكەممەل بىر جەمئىيەت بەرپا قىلغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇنداق ھەممە جەھەتتىن مۇكەممەل بولغان بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ غەلىبىسى، نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچىلارنى ھەيران قالدۇرغان. مۇئىر: «تارىخ سەھىپىسى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە روھلارنى ئويغاتقان، ئەخلاق بەرپا قىلغان ۋە پەزىلەتنىڭ شەنىنى ئۈستۈن قىلغان يەنە بىر ئىسلاھاتچى كۆرگىنى يوق»[123] دېيىش ئارقىلىق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈك ئىسلاھاتى ۋە غايەت زور غەلىبىسىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، قايىللىق بىلەن تىلغا ئالماي تۇرالمىغان. ■

(بۇ ماقالە تۈركىيە «دىيانەت ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2003- يىللىق ئالاھىدە ساندا ئېلان قىلىنغان)

(122) بۇخارىي، سالات 88، ئەدەب 27، نىكاھ 45؛ مۇسلىم، بىرر 31، 65،66؛ ئىبنى ھەنبەل، 270/4.

(123) ھەسەن ئىبراھىم ھەسەن، تارىخۇل-ئىسلام، قاھىرە، 1964، 202/1.

سو گاۋارا جۇن (ياپونىيە)

# 1864- 1865- يىللىدىكى كۇچا خوجىلىرىنىڭ «غازىتى» ۋە باشقا تەسىرى كۇچلەر

ئۆمەرجان نۇرى تەرجىمىسى

## كىرىش سۆز

1864- يىلى ئۇيغۇرلار 6- ئايدا كۇچادا، 7- ئايدا يەركەنت قەشقەردە، 8- ئايدا خوتەن قاتارلىق شەھەرلەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، چىيەنلۇڭخان شىنجاڭنى ئىستېلا قىلغاندىن بۇيانقى يۈز نەچچە يىلدىن بىرى تۈنجى قېتىم مانجۇر ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ غەلبىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنداقلا ھەرقايسى جايلاردىكى مۇسۇلمانلار ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت تىكلەشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭدار بولغىنى، كۇچادا قۇرۇلغان راشىدىن خوجا رەھبەرلىكىدىكى ھاكىمىيەت (كۇچا خوجا ھاكىمىيىتى دېيىلىدۇ)دۇر.

راشىدىن خوجا كۇچانىڭ شەرق-غەرب تەرىپىگە لەشكەر ئەۋەتىپ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى شەرقتە قۇمۇل، غەربتە خوتەن ئەتراپىغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا كېڭەيدى. بىراق، 1865- يىلى يازدا قەشقەر ئەتراپىدىكى خان ئېرىقتا قوقەندىن كەلگەن ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلگەندىن كېيىن زاۋاللىققا يۈزلەندى.

كۇچا خوجا ھاكىمىيىتى لەشكەرلىرىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى ھەققىدىكى مەلۇمات تىخنوف[1]، جى داچۈن[2]، داۋۇد ئىسسىيېق[3]، كىم خودۇڭ[4] قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقاتىدا تىلغا ئېلىنغان. بىراق ئۇلار ھەربىي يۈرۈشلەرنى ئاساسەن 1864-يىلدىكى قوزغىلاڭ ۋە ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى دېگەن ئىككى تېمىغا كىرىشتۈرگەن ھەمدە شۇ مەزگىلدىكى ۋەقەلەرنىڭ ئومۇمىي بايانىغا قوشۇمچە قىلىپ، ھەربىي يۈرۈشنىڭ

(1) د. تىخنوف: 1864- يىلى شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلار، سوۋېت شەرقشۇناسلىقى، 1948- يىلى.

(2) 纪大椿：试论一八六四年新疆农民起义，民族研究，1979-2.

(3) داۋۇد ئىسسىيېق: «يەتتە شەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى»، 1990- يىلى، ئالمۇتۇ.

(4) Kim Hodong, Holy War in China: The Muslim Rebellion and State in Chinese Central Asia, 1864-1877. (Stanford: Stanford University Press, 2004) 295p.

خاراكتېرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويغان.

بۇ ماقالەمدە ئاساسلىق قىلىپ، كۇچالىقلارنىڭ غەربىي تەرەپتىكى ھەربىي يۈرۈشنى مۇھاكىمە قىلىش بىلەن بىرگە، كۇچا خوجا ھاكىمىيىتىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنىڭ خاراكتېرىنى شەرھىيلەشنى مەقسەت قىلدىم. كونكرېت قىلىپ ئاۋال ھەربىي يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ دەسلەپكى ئەھۋالى ۋە ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغان چاغدىكى يارلىقنى تەھلىل قىلىپ، كۇچا خوجا ھاكىمىيىتى قوزغىغان بۇ ھەربىي يۈرۈشنىڭ مەقسىدى ھەققىدە توختىلىمەن. ئارقىدىن ھەربىي يۈرۈشنىڭ قېتىم سانىنى، كونكرېت ۋەزىيەت بويىچە ھەربىي يۈرۈش قىلغۇچى كونكرېت تەدبىرلىرى ۋە باشقا جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن تىركىشىش ئەھۋالىنى مۇھاكىمە قىلىمەن. ئاخىرىدا، بۇ ھاسىلاتلارنى چۆرىدەپ، ھەربىي يۈرۈشنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا توختىلىمەن. تارىخىي ماتېرىيال سۈپىتىدە ئاساسلىق تارىخىي ماتېرىيال بولمىش موللا مۇسا بىن موللا ئەيسا سايرامىنىڭ «تارىخى ئەمنىيە»[5]دىن پايدىلىنىش بىلەن بىرگە، يەرلىك خەلقلەر يازغان تارىخىي ماتېرىياللىرىدىنمۇ پايدىلاندىم.

## 1- «غازات»قا ئاتلىنىش ۋە «غازات»نىڭ كېڭىيىشى

كۇچا قوزغىلىشىنىڭ سەۋەبى، كۇچا خوجا ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى ھەققىدە داۋۇد ئىسىيېق قاتارلىق بىر نەچچەيلەننىڭ تەتقىقاتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ئۇ ۋەقەلەر ھەققىدە تەپسىلىي بايان قىلمايمەن. ئەمما، ھەربىي يۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنى قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىمەن. ھەمدە كۇچا قوزغىلىڭىدا راشىدىن خوجىنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى، ھەربىي يۈرۈشلەرنىڭ تەرتىپىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئاخىرىدا غەربىي تەرەپكە ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا، راشىدىن خوجا چىقارغان «يارلىقنى» مۇھاكىمە قىلىمەن. شۇنداقلا، ئۈچتۇرپانغا ھۇجۇم قىلىشتىكى جەريانىنى مۇھاكىمە مۇھاكىمە قىلىش ئاساسىدا بۇ باسقۇچتا ھەر قايسى جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۇچالىقلارغا تۇتقان مۇئامىلىسى ھەققىدە توختىلىمەن.

**(1) قوزغىلاڭدىن ھەربىي يۈرۈشكىچە:**

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ

(5) پانتسوف قازاندا نەشر قىلدۇرغان «تارىخىي ئەمنىيە» بىلەن شىنجاڭدا نەشر قىلغان «تارىخىي ئەمنىيە» ئوتتۇرىسىدا پەرق مەۋجۇت، شۇڭا قازان نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ پايدىلاندىم.

پارتلىغان ۋاقتى توڭجى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 3- يىلى 5- ئاينىڭ 1- كۈنى (مىلادىي 1864- يىلى 6- ئاينىڭ 4- كۈنى) كېچىدە، مالوڭ، ما سەنباۋ، سۇ سەنگې باشچىلىقىدىكى تۇڭگانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋاقىتتا كوچا ئۇيغۇرلىرى قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشۇپ قاتنىشىپ، زورىيىپ، بىر كېچە ئىچىدە ھۆكۈمران مانجۇرلارنى يوقاتقان.

كۇچا قوزغىلىڭى تۇيۇقسىز قوزغالغانلىقتىن، قوزغىلاڭ غەلبە قىلغاندىن كېيىن، كۇچا شەھەر ئىچى قالايمىقان ھالەتتە ئىدى. قوزغىلاڭغا باش بولغانلار ئاساسلىقى تۇنگان بىلەن ئۇيغۇرلار بولسىمۇ، يەنە تېگى قەشقەر قاتارلىق يۇرتلاردىن بولغان ئۇيغۇرلار، قوقەند خانلىقىدىن كەلگەن «ئەندجانلىق»لارمۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان.[6]. يۈسۈپ خوجا بۇلار ھەر جايدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار جۇغلانغان «ئىسلام قوشۇنىدا ئىناقسىزلىق بىخلىنىپ پۇت تېپىشلەر مەۋجۇت» بولۇشتەك ئەھۋاللارنى، كاپىرلارنى يوقاتقاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئۆز ئارا پۇت تېپىششىنىڭ ئۆتكۈرلىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتقان[7]. كۇچالىقلاردا بۇنداق ۋەزىيەتنى يىغىشتۇرۇپ، باشقا كۈچلەرنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرەلەيدىغان قۇدرەتلىك رەھبەرنىڭ مەيدانغا كېلىش زۆرۈرىيتى تۇغۇلغان ئىدى. بىر بۆلۈك كۇچالىقلار توپتىن ئايرىلىپ ئەھمەد ۋاڭ بەگنى ئاتامان قىلىپ تىكلىمەكچى بولغاندا، ئەھمەد ۋاڭ رەت قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن بۆلىنىش ئەمەلگە ئاشمىغان[8]. ئاخىرى راشىدىن خوجىنى رەھبەر قىلىپ تىكلىگەن. راشىدىن خوجىنى موغۇلىستان خانلىقىنىڭ خانى بولمىش تۇغلۇق تۆمۈر خاننى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن دېگەن رىۋايەتتىكى مەۋلانە ئەرشىدىنىنىڭ پۇشتى دېيىلگەن. ئۇ كۇچادىكى مازارلاردا شەيخلىق قىلىپ جان باققان. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۇنى «پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ بىلىپ، ئۇلۇغلاپ» ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆتمۈشتىكى خانلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە خان قىلىپ تىكلىگەن.

ھامادا ماسامى ئەپەندى راشىدىن خوجىنىڭ رەھبەر بولۇش خاراكتېرىنى تەھلىل

(6) «ئەندجانلىق» دېگەن ئاتالغۇ قوقەند خانلىقىدىن كەلگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

(7) داۋۇد ئىسسىيېق بۇ يەرنى ھاجى يۈسۈپنىڭ «جامئۇتتەۋارىخ» دېگەن كىتابىنىڭ 60- بېتىدىن نەقىل ئالغان.

(8) ئەھەد ۋاڭ بەگ مانجۇر خاندانلىقىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىنمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ كىشى چىيەنلوڭ خان دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ماكانىنى ئىسىلا قىلىشتا تۆھپە كۆرسەتكەن. كۇچا بېگى ھۆدۇيىنىڭ 5- ئەۋلادى. يەركەننىڭ ھاكىمى بولغان. «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بەگلەردىن بولۇپ ئىگىلىك ھوقۇقىنى نامايەن قىلغان شەخسلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇشى بىلەن مەشھۇر».

قىلىپ يازغان ماقالىسىدە، راشىدىن خوجا بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەۋلىيالار بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىق رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. قوزغىلاڭدىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئالغاندىمۇ ھامادا ئەپەندىنىڭ بۇ كۆز قارىشىنىڭ تولىمۇ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا مۇرەسسەچى بولغان راشىدىن خوجىدا كۆرۈلگەن كونكرېت ھەرىكەتلەر بولۇپمۇ ئۇ خانلىققا ئولتۇرغاندا، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ، شەرق-غەرب تەرەپكە «غازات» قوزغىغان دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

(2) **ھەربىي يۈرۈش قوزغاشقا چۈشۈرگەن «يارلىقى»**:

كۇچالىقلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشكە لەشكەر ئەۋەتىش ئەھۋالىنى ھەققىدە سايرامنىڭ بايانىغا قارىغاندا، قوزغىلاڭدىن ئىككى كۈن كېيىن، يەنى 1864- يىلى 6- ئاينىڭ 6- كۈنى راشىدىن خوجا تۆۋەندىكىدەك يارلىق جاكارلىغان:

«بىر قانچە ئون يىلدىن بېرى مۇسۇلمانلار دىنسىز كاپىرلار ۋە ئەزگۈچى زالىم بەگلەرنىڭ قولىدا خار-زار بولۇپ ئەرلەر خوتۇنلىرىدىن، باللار ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، قۇل ئورنىدا جاپا چەكتى. ئۇلار خاھى يىمەك –ئىچمەكنىڭ لەززىتىنى، خاھى كىيىم- كېچەكنىڭ راھىتىنى كۆرمەي ئالۋانكەشلىك بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى.

رەھىم-شەپقەتلىك تەڭرى بىز مۇسۇلمانلارغا يار-يۆلەك بولۇپ، ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇشقا كۈچ-قۇۋۋەت بەردى. كاپىرلارنىڭ بېشىدا قىلىچ ئوينىتىپ نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا ئۇزاتتۇق. ‹كاپىرغا ياردەم بەرگەن كىشىمۇ كاپىر بولىدۇ› دېگەن ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن زالىم بەگلەرنىمۇ يوقاتتۇق. بۇنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن جېنىمىز چىقىپ كەتكۈچە، قالغان ئۆمرىمىزنى غازات يولىغا سەرپ قىلىشىمىز زۆرۈر. ئەھمىيەتلىك غازاتلارنى  قىلىش پەرزدۇر. شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىدۇر.

خۇداۋەندەكەرىم ئۆزىگە خاس ھېكمىتى بىلەن بىر مەزگىل مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارنىڭ قول ئاستىدا مەھكۇم قىلغان بولسا، ھازىر يەنە ئۆز قۇدرىتى بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلىپ، دىنسىز كاپىرلارنى يەر بىلەن يەكسەن قىلدى. ئۇلۇغ تەڭرىم ‹پادىشاھلىقنى خالىسا بىراۋغا بېرىدۇ، خالىسا  بىراۋدىن ئالىدۇ› دېگەن ھېكمەتلىك سۆپىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. گەپنىڭ قىسقىسى، سايرام ۋە باينى ئېلىپ، بىر مۇنچە ئەسكەر توپلاپ ئاقسۇغا بېرىڭلار. ئۇ تەرەپتە مۇسۇلمان تولا، كاپىر ئاز، سىلەر بارغىچە (يەرلىك) مۇسۇلمانلار بىلەن تۇنگانلار ئۇ

تەرەپتە بىرلىشىپ، كاپىرلارنى يوقىتىپ ئالدىڭلارغا چىقىدۇ. مۇبادا كاپىرلار قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا جەڭ-ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ‹ئۇلارنى قەيەردە بولسا شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار› دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا لايىق ئىككىلەنمەي تىغ تارتىپ يوقىتىڭلار. چۈنكى ‹جەننەت قىلىچنىڭ ئاستىدا›. بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى جارى بولسۇن. ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرنى قولغا كىرگۈزۈش ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، قوقەند ۋە بۇخارانىڭ پادىشاھلىرىنى دوستلۇق رەسىم-يوسۇننى بەجا كەلتۈرۈپ، بىزگە تەۋە بولغانلىق ئىشەنچىنى بىلدۈرسە ناھايىتى ياخشى. ئۇنداق قىلمىسا دەرھال ياردەم ئەۋەتىمىز. بارلىق كۈچۈڭلار بىلەن غەرب تەرەپتىكى يۇرتلارنى بويسۇندۇرۇڭلار! مەملىكەت ۋە ھۆكۈمرانلىق ئىشىنىڭ پۈتۈن ئىختىيارىنى سىلەرگە بەردىم[9].

بۇ يارلىقنىڭ مەزمۇنى ئىككىگە بۆلىنىدۇ. ئالدىنقى يېرىمىدا كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ ئەھمىيىتى بىلەن ھەربىي يۈرۈشكە قاتنىششىنىڭ زۆرۈرلىكى سۆزلەنگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىلگىرى جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىغىچە بولغان كاپىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغان. ئۇيغۇرلارنى ئەزگەن كاپىرلار بىلەن زالىملارنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ يەردىكى كاپىر بولسا خەنزۇ، مانجۇرنى كۆرسىتىدۇ. زالىم بولسا-ھەدىستىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزدىن قارىغاندا، كاپىرلارغا ياردەم قىلغان، ئۇيغۇرلارنى ئەزگەن بەگلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر بەگلەرنىڭ زۇلمەتلىك كۆنگە قويغانلىقى بۇرۇنقىلارنىڭ تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلگەن[10]. كۇچا قوزغىلىڭى پارتلاپ بىر كېچىدىلا كۇچادىكى كاپىرلارنى يوقىتىش بىلەن بىرگە، ئەھمەد ۋاڭ بەگنى قوشۇپ، كۇچانىڭ ھاكىمى مۇھەممەد قۇربان بەگ باشچىلىقىدىكى سەككىز بەگ قەتلى قىلىنغان. راشىدىن خوجىنىڭ بۇيرىقى، ئاشۇلارنىڭ داۋامى قىلىنىپ، غازاتنىڭ ئوبيېكتى كاپىرلار بىلەن بەگلەر بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن. شۇڭا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن تۇسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئاللاھقا تەشەككۇر ئۈچۈن ھەربىي يۈرۈشكە قاتنىششىنىڭ «پەرز»لىكى چۈشەندۈرۈلگەن. كېيىنكى يېرىمىدا بولسا ھەربىي يۈرۈشنىڭ مەقسىدى كونكرېت كۆرسىتىلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى باي، سايرام، ئاقسۇ، خوتەنلەردىن كاپىرلارنى قوغلاپ چىقىرىش مەقسىتىدە قىلىنغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

(9) «تارىخىي ئەمنىيە»، 47- بەت.

(10) ساگۇچى تورىنىڭ «19-18- ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 3- بابقا قاراڭ.

يەنە قوقەند، بۇخارا قاتارلىق چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولمىغان جايلارغىمۇ كۆز تىككەنلىكى باشتىكى مەزمۇنلار بىلەن قىلچە باغلىنىشى يوق ھالدا ئەپچىللىك بىلەن كۆرسىتىلگەن ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ تېررىتورىيە تۇيغۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇنداق غەربتىكى قوقەند خانلىقىنىڭ سەلتەنىتىنى تونۇماسلىقى ھەمدە قورۇلغان قەشقەر، خوتەندىكى ھاكىمبەگلەرنىڭ قوقەندكە ئەلچى ئەۋەتىپ، دوسلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشى دىققەت نەزىرىمىزنى تارتىدۇ.

(3) **«غازات»نىڭ كېڭىيىشى- «ئازاد قىلغۇچى» بولمىش كۇچا خوجىلىرى:**

سايرامنىڭ خاتىرىسىدىن قارىغاندا، كۇچا خوجىلىرىنىڭ غەربكە ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا ماڭدۇرغان لەشكەرلىرى 150 كىشى، 40 نەپەر تۇنگان، 8 زەمبىرەك بولۇپ قوماندانلىققا راشىدىن خوجا جەمەتىدىن بۇرھاندىن خوجا (يەنە بىر ئىسمى خاتىپ خوجا)نى، بايلىق موللا ئوسمان ئاخۇننى قازى ئەسكەرلىككە تەيىنلىگەن. يەنە بۇرھاندىن خوجىنىڭ ئوغلى مۇھەممەددىن خوجىنى قوشۇپ قويغان. كۇچا خوجىلىرىنىڭ قوشۇنى تېزلىك بىلەن ئەتراپتىكى شەھەرلەرنى ئىگىلىگەن، قوشۇن قىزىلدىن ئۆتۈپ سايرامغا كەلگەندە، شەھەرنى تەسلىكتە ئىگىلىگەن، بۇ خەۋەر تېزلا بايغا تارقالغان. قوشۇن بايغا يېقىنلاشقاندا، باي خەلقى قارشى ئېلىشقا چىقىپ، ئۇلارغا ئىتائەت قىلغان. باي، سايرام ئۇيغۇرلىرى قوشۇلغان كۇچا قوشۇنى داۋاملىق ئىلگىرلەپ، قارا يۇلغۇنغا بارگاھ تىكلىگەندە، ئاقسۇنىڭ ھاكىمى سەئىد بەگ باشلاپ چىققان جاملىق لەشكەرلەر بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ 2800 كىشى شەھىد بولغان، مەغلۇپ بولغان لەشكەرلار پىتراپ كەتكەن. ئەمما راشىدىن خوجا ئاكىسى جامالىدىن خوجىنى لەشكەرلەرگە قوشۇپ، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، بىر ئايدىن كېيىن يەنى 7- ئاينىڭ 17- كۈنى ئاقسۇنى، ئۇندىن بىر ھەپتە كېيىن ئۇچتۇرپاننى ئىگىلىگەن. كۇچا قوشۇنى ھەر قايسى شەھەرلەردە كۇچا قوزغىلىڭىدىكىدەك كاپىرلارنى يوقاتقان. كاپىرلارنىڭ كەتمىنىنى ‹چېپىپ› زۇلۇم سالغان «قەبىھلىكتە ئۇچچىغا چىققان ئۇسۇللارنى قوللانغان» بەگلەرنى جازالىغان. سايرام، بايدىكى مانجۇر، خەنزۇلارنى قەتلىئام قىلغان. يەنە بەگلەردىن سايرامدا تۆت كىشىنى، بايدا ئالتە كىشىنى قەتلى قىلىۋەتكەن. ئاقسۇدا ئامبال باشچىلىقىدىكى بارلىق ئەمەلدارلار خوتۇن-باللىرىنى قوشۇپ ئۆزلىرىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلىۋالغان. يەنە ھاكىم، توڭچى، دورغا قاتارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ نەپرىتى

كۈچلۈك بەگلەر قېچىپ كەتكەن ياكى كۇچا قوشۇنلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن[11]. ئۈچتۇرپاندا ھاكىم باشچىلىغىدىكى بەگلەر ئاكتىپلىق بىلەن كۇچا قوشۇنىغا ماسلىشىپ، غەلىبە قىلىشقا يول باشلاپ بەرگەچكە جامالىدىن خوجا ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلغان. شۇنداقتىمۇ كاپىرلارنىڭ جەمەتى، قەبىھلىكتە ئۇچىغا چىققان داڭقى بار بىر نەچچە كىشى قەتلى قىلىنغان. يەنە بىر تەرەپتىن بوش قالغان ئەمەلدارلىق ئورنىغا ئاساسلىق قىلىپ دىنىي رەھبەرلەر تەيىنلەنگەن. شەھەرنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىقىغا بولسا سايرامغا ئەكرەمشاھ ئاخۇننى، بايغا موللا ئافاق ئەئلەمنى تەيىنلىگەن. ئاقسۇنى جامالىدىن خوجا ئىدارە قىلغان. كۇچالىق ئابدۇرەھمان دۆبە بەگنى دادخا، ئاقسۇلۇق قاسىم قازى بەگنى ئەمىر لەشكەرلىككە تەيىنلىگەن. ئۈچتۇرپاننى بۇرھانىدىن خوجا ئىدارە قىلغان. توختا بەگ ھاكىملىقىدا قالدۇرغاندىن باشقا، قوشۇمچە دادخالىققا تەيىنلەنگەن. موللا ئاتائۇللا ئاخۇن ئەئلەملىكىدە قالدۇرۇلغان. ئۇ يەردىكى بىر قانچە بەگنىڭ ئەمەلدارلىققا ئېرىشىشى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۈچتۇرپاندىكى ۋەقەدىكىدەك ھاكىمدەك يۇقىرى دەرىجىلىك بەگلەر بولسىمۇ غازاتقا ھەمدەملەشكەن بولسا، ئۇنىڭ بەگلىك قىلغان ۋاقتىدىكى گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىپ «ئەمىلىنى ساقلاپ قالغان، بەگلەرنى» زالىم دەپ قاراش، ئاقىۋەتتە غازاتقا قاتناشقانمۇ- يوق؟ دېگەن نۇقتا بىلەن مۇئامىلە قىلىنغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

كۇچا قوشۇنلىرىنىڭ بۇنداق سىياسەتكە قارىتا جايلاردىكى ئاھالىلەر قانداق پوزىتسىيە تۇتقان؟ ھۆكۈمران كاپىرلاردىن تەلتۆكۈس قۇتۇلغان ئۇيغۇرلار خۇشال ھالدا، كۇچا قوشۇنلىرىنى قارشى ئېلىپ تېخىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن قوشۇنغا قوشۇلغانلىقىنى كۆرستىپ ئۆتكەنىدىم. سايرام، بايدىكى خەلقلەر بىلەن تاغلىقلاردىن 700 كىشى «ئاللاھ، ئاللاھ!» دەپ تەكبىر ئېيتقىنچە «خوجامنىڭ تۇغىنى كۆتىرىپ ئاقسۇغا بېرىپ، زالىم-كاپىرلارغا ئۆچمەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ، تىرىك قالساق غازىلىق ئورنىغا ئېرىشىپ، ئۆلۈپ كەتسەك شەھىدلىك شارابىنى ئىچىپ جەننەتكە بارىمىز» دېيىشىپ قوشۇنغا قاتناشقانلىقى سۆزلەنگەن. يەنە مۇھەممەد ئەلى خان كەشمىر دېگەن كىشى يازغان نەزمىي تارىخىي ماتېرىياللارنىمۇ بۇگۇر، كورلادىكى

(11) «دورغا» ساقچىغا باراۋەر تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەل. «توڭچى» تەرجىمان بولۇپ، ئەمەلگە سودا باھاسى بېكىتىلگەن، ئەمەل ئاشكارە سېتىلغان.

دولانلىقلارمۇ بۇ چاغدا كۇچا قوشۇنىغا قاتناشقانلىقى سۆزلەنگەن.[12] كۇچا قوشۇنلىرىنى ئۇيغۇرلار پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغان. ھېچبولمىغاندا، ئۈچتۇرپانغا ھۇجۇم قىلىش جەريانىغا نەزەر سالساق، كۇچادىكى خوجىلار نۇرغۇن زىددىيەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغان بولسىمۇ ئاساسەن دەسلەپكى «يارلىق»نىڭ مەزمۇنىدا كۆرسىتىلگەندەك كاپىرلارنى قوغلاپ چىقىرىپ يەنە «زالىملار» دەپ قارالغان بەگلەرنى يوقىتىپ، «ئىسلام ئېچىپ» غەلىبە قىلغان. بۇلارغا قارىتا جايلاردىكى ئۇيغۇرلار «زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرغۇچى » قوشۇننى قارشى ئالغان.

## 2 ـ كۇچالىقلارنىڭ يېتىپ كېلىشى ۋە باشقا تەسىرىي كۈچلەر ـ «غازات» ماھىيىتىنىڭ ئۆگىرىشى

1865 ـ يىلىغا كەلگەندە، كۇچا قوشۇنلىرى قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەنگە يۈرۈش قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ يۈرۈشىدىكى ئىككى نۇقتىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلغان بەگلەر بىلەن ماھىيەت جەھەتتە ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدىم.

1 ـ كۇچالىقلارنىڭ مەيدانى ئۆزگەرگەن، جەنۇبتىكى شەھەرلەر كۇچالىقلار ئۇرۇشقىمۇ كېڭەيتىۋاتقان مەزگىلدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. كۇچالىقلار شۇنچە ئۇرۇش قىلىپمۇ «زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرغۇچى» دېگەن مەنىدىكى ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغان.

2 ـ كۇچالىقلار تىركەشكەن «مۇسۇلمانلار» بىلەن ماھىيەتلىك پەرقكە ئىگە كۇچالىقلار دەسلەپكى ئۇرۇشلاردا «ئازاد قىلىش» بايرىقى بىلەن مۇسۇلمانلار كۇچاغا يېقىن رايونلاردىكى ئوخشاش ماھىيەتتىكى مەدەنىيەت ئورتاقلىقىغا ئىگە ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئاساسەن ئوخشاش تۇرمۇش شەكلى، تىل پەرقى بىلەن تىركەشكەن.

بۇنداق ئەھۋالدا كۇچا قوشۇنلىرى ھەر قانچە غازات قىلسىمۇ، باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتالىغانمۇ؟ ئەمدى سىدىقبەگ، ھېبىبۇللا مۇپتى ھاجى ۋە ياقۇپبەگلەر مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىمەن.

### (1) سىدىقبەگ ( قىرغىز كۈچلىرى) ۋە كۇچا خوجىلىرى:

قەشقەردىكى قوزغىلاڭ 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى پارتلىغان. بۇ قوزغىلاڭمۇ كۇچاردىكى قوزغىلاڭ ئوخشاش، ئاۋال تۇنگانلار قوزغىلاڭ كۆتەرگەن. ئارقىدىن پەيزاۋاتقا توپلانغان

(12) «زەفەرنامە»نىڭ مۇئەللىمى «چۆلدىكى ياۋا ئات» دەپ تەسۋىرلىگەن دولانلىقلار مارالبېشىنى مەركەز قىلىپ يەركەن دەرياسى ۋادىسىغا تارقالغان، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، بىلىقچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان تۈركىي خەلق سايرامى مۇشۇ ۋاقىتتا سايراملىق نەچچە يۈز كىشىنى باشلاپ كۇچا خوجىلىرىغا قاتناشقانىكەن.

2000 ئۇيغۇر قوشۇلۇپ، قەشقەر كونا شەھەر ۋە يېڭى شەھەرنى قورشىۋالغان. ئۈچ كۈندىن كېيىن، سىدىقبەگ 3000 كىشىنى باشلاپ كېلىپ قورشاۋچىلارغا قوشۇلۇپ، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغان[13]. كۇچالىقلار قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە قوزغىلاڭچىلارنىڭ مۇھاسىرە ئۇرۇشى ئەۋجىگە چىققانىدى.

**1 - كۇچالىقلارنىڭ قەشقەرگە يۈرۈش قىلىشى:**

قەشقەرگە ھەربىي يۈرۈش قىلىش ھەققىدە موللا مۇسا سايرامى مۇنداق خاتىرىلىگەن: «خەتىپ خوجام (بۇرھانىدىن خوجا) ئۈچتۇرپاندا ئۈچ ئاي ئىستىقامەت قىلدى. بۇچاغدا قەشقەردە سىدىقبەگ قىپچاق باش كۆتىرىپ ئىستېلا قىلىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، قەشقەرگە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى.[14] سىدىقبەگنىڭ قەشقەردە باش كۆتۈرگەنلىكى خەۋىرىنىڭ كۇچالىقلارغا يېتىپ كېلىشى، قەشقەرگە يۈرۈش قىلىشنىڭ بىۋاستە سەۋەبى بولۇپ قالغانىكەن. بۇ ئىش ھەققىدە تالىپئاخۇن، قەشقەر قوزغىلىشىدىن كېيىن قىرغىزلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلگەن ئاتۇشلۇق بەگلەر كۇچاغا كېلىپ كۇچالىقلارنى ھەركەتلەندۈرگەنمىش دەپ خەۋەر بەرگەن.[15] دەيدۇ. بۇرھانىدىن خوجا بىلەن ھەمدىن خوجا باشچىلىقىدىكى كۇچالىقلار قەشقەرگە ئاتلانغان.

ۋاقىتنى موللا مۇسا سايرام ھىجرىيىنىڭ 1281- يىلى بۇ جەمادىئەلئاخىرنىڭ 12- كۈنى (12-11-1864) دېگەن. كۇچالىقلار ئۈچتۇرپاننىڭ غەربىدىكى ئوتباشتا قارارگاھ تىكلىگەن. ئاۋال ھامىدىن خوجا 1500 لەشكەرنى باشلاپ ئالدىن ئاتلانغان. ئارقىدىن بۇرھانىدىن خوجا 1000 لەشكەرنى باشلاپ ئاتلانغان. كۇچالىقلار قەشقەر يولىدا تاغدىكى قىرغىزلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان ھەم ئاقسۇنىڭ ھاكىمبېگى سايىت بەگنى تۇتىۋالغان. سايىتبەگ ئاقسۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن قەشقەرگە كېلىپ ئاكىسى ھاكىم قۇتلۇغبەگنىڭ ھۇزۇرىدا پاناھلانغان، قەشقەر ئامبىلىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئىلى جاڭجۈندىن ياردەمچى قوشۇن ئەكىلىشى ئۈچۈن ماڭغاندا تاغدىكى قىرغىزلار تۇتىۋالغانىكەن. بۇلارنى موللا مۇسا سايرامى مۇنداق خاتىرىلىگەن: «ھامىدىن خوجام

(13) داۋۇد ئىسسىيفنىڭ «يەتتە شەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى»، 67-بەت.

(14) «تارىخى ئەمنىيە»، 62-بەت.

(15) تالىپ ئاخۇننىڭ ماۋزۇسىز ئەسىرى بولمىش ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمھالى خاراكتېرلىق تارىخى ماتېرىيال، بۇ ئەسەردە قەشقەردىكى قوزغىلاڭ پارتلىغاندىن ياقۇپبەگنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغانغا قەدەر ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىكى كۇچا خوجىلىرىنىڭ پائالىيىتى ھەققىدىمۇ بايان قىلىنغان.

ئۈنىڭ ئىلگىرىدىكى ئەسكىلىكلىرىنى كەچۈرۈۋەتتى. خانلىقتىن بەرگەن ئەمىلىنى بەردى. سايىتبەگنىڭ تۇغقىسى ئىسمايىل كاتاۋۇلنى قەتلى قىلىپ قەشقەرگە ئاتلاندى. ئۇلار ئۈستۈن ئاتۇشقا بارغاندا: قەشقەرگە ئەتە كىرەيلى، قۇتلۇغبەگ يۇرتدىشىم ھەم مۇسۇلمان. قۇتلۇغبەگ ئۇ تەرەپتىن، بىز بۇ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ سىدىقبەگ قىپچاقنى يوقىتىمىز[16] دېگەن. كۇچالىقلار ئۆزى ئۇيغۇر بولسىمۇ، قارا يۈلغۇندىكى تالاپەتتىن بىرى، دۈشمەن بىلىپ كەلگەن سايىتبەگنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىش، قەشقەردە مۆكۈپ يۈرگەن بەگلەر ئارقىلىق قىرغىزلارنى قىستاپ زەربە بەرگۈزۈش پىلانىنى ئاشكارلايدۇ.

كۇچالىقلار قاقشالتاغ يولىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، ئۈستۈن ئاتۇش ئەتراپىدىكى قۇماتاغدا سىدىقبەگنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئاخىرى يېڭىلىپ قالغان. بۇرھانىدىن خوجا باشچىلىقىدىكى كۆپ سانلىق كۇچالىقلار قەشقەردە تۇتۇلۇپ قالغان. قەشقەرلىكلەرنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن ئۆز-ئارا چېقىلماسلىق كېلىشىمى پۈتۈپ، ئاران قۇتۇلغان، رەجەپ ئېيىنىڭ 28- كۈنى (27-12) ئۈچتۇرپانغا قايتقان[17].

**2- ئەنئەنىۋى قارشىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن «غازات»:**

قەشقەرگە ھەربىي يۈرۈش قىلىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، كۇچالىقلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ ئەينى چاغدىكى مەيدانىدۇر. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك كۇچالىقلار ئەسلى قىرغىزلار بىلەن دۈشمەن ئەمەس، قەشقەردىكى بەگلەر ئارقىلىق قىرغىزلارغا قىستاپ زەربە بېرىش پىلانى بولغان بولسىمۇ، ئارىدا «غازات» قىلىش زىددىيىتى يوق. غازات بولسا كاپىرلار، زالىملاردىن مۇسۇلمانلارنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن كەلگەن كۇچارلىقلار نەزىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ دۈشمىنى قىرغىز، زالىملار بولسا قەشقەر بەگلىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ زىددىيەتنىڭ سەۋەبى قىلىپ، قەشقەر قوزغىلىڭى دەسلەپ كاپىرلار ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى مەقسەت قىلغان بولسا قىرغىزلارنىڭ ئارىغا كىرىۋېلىشى يەرلىك ئاھالە بىلەن چارۋىچى خەلقنىڭ قارشىلىشىدەك يىڭى

(16) «تارىخي ئەمنىيە»، 63- بەت.

(17) «تارىخي ئەمنىيە»، 64-63-بەتلەر؛ كىم خودۇڭ ئەپەندى كۇچالىقلارنىڭ قارارگاھىنى <ئارتۇش> دەيدۇ؛ گۈننار ياررىڭ ساقلىغان «تارىخى ھەمىدى»دە «كۇچالىقلار قەشقەر شەھرىگە كەلگەندە بولغان ۋەقە» دېيىلگەن.

بىر ئەندىزىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قازى ئابدۇباقىنى ئېلىپ ئېيتساق، قەشقەر كونا شەھرىدە تۇرۇۋاتقان ھاكىم قوتلۇغبەگ قاتارلىقلار سىدىقبەگكە قارشى «پەيغەمبەر ئەۋلادى ئەمەس، خان-پادىشاھ ئاۋلادىمۇ ئەمەس» دەپ ئەۋەتكەن مەكتۇپىنى ئېلىپ ئالماي، تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغان. تالىپ ئاخۇننىڭ خاتىرىلىشىچە ئۇستۇن ئاتۇش، ئارغۇ، ئاستىن ئاتۇش خەلقى «سەتۇق بۇغراخاننىڭ ناغرىسىنى چېلىپ» دەرۋەقە سىدىقبەگكە قارشى تۇرماقچى بولغان. يەنى قەشقەردىكى بەگلەردىن نازىربەگ: قىپچاق، قىرغىزغا شەھەرنى تاشلاپ بەرمەيلى، سەئىدلەرگە دەرۋازىنى ئېچىش كېرەك. بەلكىم بۇرھانىدىن خوجىنىڭ سىياستى بۇنداق قەشقەر ئاھالىلىرى بىلەن ئوخشاش پىكىردە بولسا كېرەك. قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە كۇچا ھاكىمىيتى ھەقىقەتەن ھەر قايسى مىللىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ مۇرەسسەچىسى سۈپىتىدە رەشىدىن خوجىنى رەھبەر تىكلەپ غازاتنى تەشەببۇس قىلغان. ئەمما بۇرھانىدىن خوجا مۇسۇلمان چارۋىچىلار ئاسىيلىقى بىلەن باغلىنىشى بولۇشى بىلەن كاپىرلارنىڭ كونتروللىقىدىكى زالىملار، كۇچالىق بەگلەر ئىلتىجاسىنىڭ مەقبۇل بولۇشىدەك نۇقتىلار غازاتنىڭ بىر چەكلىملىكلىكى غازاتنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقاندا قىرغىزلار بىلەن تىركىشىش مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. ئەينى چاغدا ئۇچتۇرپاندا كۇچالىقلارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى مەدھىيەلەپ قەسىدە يازغان. موللا شاكىر «زەفەرنامە» داستانىنىڭ بىر باپىنى سېخىيلىق بىلەن ئاجرىتىپ قىرغىزلارنى تىللاپ-قارغاشقا سەرپ قىلغان. موللا شاكىر قىرغىزلارنى «بىكارچى، يالغانچى، ھالال ۋە ھارامنى ئايرىمايدۇ. مۇسۇلمان دەپ ئاتاشقا شەرتى توشمايدۇ» [18] دېگەن ھەم سىدىقبەگنى مۇنداق تىللىغان:

بۇ قىپچاق سىدىق دېگەن ئەبلەخ،
ئاتاسىمۇ شۇنداق، ئاللاھ يار.
بۇۋاسىنىڭ ئاتى تۇردى گاھ
زىيائىدىن ئاخۇن ئاشناسى ئەردىلەر
تۇدى گاھ قىزىل چوڭسۇلۇق ئەردى.

(18) «زەفەرنامە» داستانى «ئاقسۇ خەلقىنىڭ مانجۇرلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن» نەزمىي تارىخىي ماتېرىيال.

مەنسەپ ئارزۇسىدىلا يۈرەتتى.
هەر كۈنلىرى قۇربان هېيت قىلاتتى.
تاشلىماققا قاراۋۇللۇق قىلاتتى.
تۇردى خەلقى بىلەن قاراۋۇللۇققا كېلىپ،
ئەتراپتىكى خىتاينىڭ بېشىنى كىسىپ.
بۇزيا ئاخۇننىڭ تۇرالغۇسىغا كېلىپ،
ئىككىسىنىڭ بېشىنى دەرۋازىغا ئېسىپ.
زىيائىدىن ئاخۇن تايانچىسىز قىلىپ،
بۇ ۋەھىمىدىن نادامەت چېكىپ.
بۇ قىرغىز ئامبالغا چىقىپ.
خىتايلار ئوتتۇرغا چىقىپ.
زىيائىدىن ئۇلۇغ خانغا ياغى بولۇپ،
بىردەمدە ئىشنى يالغان ئىش قىلدى،
زىيائىدىننى شەھىد قىلدى.
سەۋەبى شۇكى، تۇدى گاھ ئەبلەخلىق قىلدى.

زىيائىدىن ۋەقەسى جىياچىڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 20- يىلى (1815- يىلى) يۈز بەرگەچكە، چىڭ خاندانىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىمۇ خاتىرلەنگەن. بۇ ۋەقەدىكى ئەمەلىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىردەك ئەمەسلىكى، سىدىقبەگنىڭ ھەقىقەتەن تۇردى گاھنىڭ تەۋەسىمۇ- ئەمەسمۇ دېگەن مۇلاھىزىنى بىر ياققا قويۇپ تۇرغاندىمۇ، موللا شاكىرنىڭ بۇ خاتىرىسى ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ قارمۇ- قارشىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىلتىزىنىڭ چوڭقۇرلىقىنى تارىخىي تونۇش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

## (2) ھېبىيبۇللا مۇپتى ھاجى ( خوتەن ھاكىمىيتى) بىلەن كۇچا خوجىلىرى:

كۇچالىقلارنىڭ خوتەن تەۋەسىدە پەيدا بولغان ۋاقتى 1864- يىلىنىڭ ئاخىرى، 1865- يىلىنىڭ بېشىدا دەپ پەرز قىلىنىدۇ[19]. خوتەندە 1864- يىلى 8- ئايدا

(19) كۇچالىقلارنىڭ خوتەنگە كەلگەن ۋاقتىنى كىم خودۇڭ ئەپەندى 4- ئاي دەپ ئىسپات كۆرسەتكەن، پېقىر مۇھەممەد ئەئىلەمنىڭ بايانىدىكى قوقەندگە بارغان ئىبراھىمخان سۇدۇرنىڭ ئىشىدىن قاراپ، بۇ ۋاقىتقا ئىبراھىمخان قايتىپ كەلمىگەن يەنى ياقۇپبەگ دەسلەپ يەركەنگە كەلگەن 1865- يىلى 2- ئايدىن ئىلگىرىكى ئىش، دەپ ئويلايمەن. ماقالەمنىڭ

قوزغىلاڭ پارتلاپ ھېبىبۇللا مۇپتى ھاجى باشچىلىقىدىكى ھاكىمىيەت تىكلەنگەن.

كۇچالىقلارنىڭ خوتەنگە يۈرۈش قىلىشى ھەققىدە موللا مۇسا سايرامىنىڭ بايانى توغرا ئەمەس دەپ قارىلىدۇ. سايرامى بۇ قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشنى خاتىرلەپ قويغان بولسىمۇ، خوتەن تەرەپنىڭ تارىخىي ماتېرىيالى بولمىش مۇھەممەد ئەئلەمنىڭ بايانىدا كۇچالىقلارنىڭ خوتەنگە كېلىشى ئىككىچى قېتىم ئىكەنلىكىنى يەنى كۇچالىقلارنىڭ قوشۇنىدا بىر قانچە ئوخشىماسلىق بارلىقى خاتىرلەنگەن. ئەمدى شۇ بايانلارغا قاراپ باقايلى:

1 - **كۇچالىقلارنىڭ 1- قېتىم خوتەنگە كېلىشى:**

كۇچا خوجىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم خوتەنگە كېلىشىنى مۇھەممەد ئەئلەم مۇنداق خاتىرىلىگەن:

«شۇل ئەسنادە ياركەند تەرەفدىن ‹پارسا ساھىبزادەم دېگەن ئابدۇلرەھمان ھەزرەتنىڭ ئوغلى، فەخرىددىن خاجە كۇچارى، ھاجى مىراب كۇچارى باشلىق بەشيۈز ئاتلىق كىشى بىلەن زەنگۇيەغە كېلىپ تۇشۇپدۇر›-دەب خەبەر كەلدى. بۇ يەردىن ئەبدۇلرەھمان فادىشاھ، جەلالىددىن خاجە دېگەننى ئىككى ئادەم قوشۇپ ئالدىغا ئىبەردىكىم: ‹نىمە ئۈچۈن كېلىپدۇر؟ مەقسەدى نىمە ئىمىش؟، بارىپ ئۈچۈرنى ئوقۇپ كېلىڭلار›-دەپ. بۇ يەردىن بۇلار بارىپ كۆرۈشۈپ سورادىكىم: ‹ھەر بىرلەرىنىڭ مەتلەبلەرى نىمە؟، نە ئىش توغراسىدىن كەلدىلەر؟›- دەپ ئىبدى. بۇلەر ئەيدىكىم: ‹بىزلەرنىڭ مەقسەدىمىز شۇلكى، بۇ بىزنى ئەيرىشىپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ تولاسى خوتەنلىكلەردۇر، كوھنە خىتاي زامانەسىدە ئالبان، زۇلۇم-ستەمگە چىدىيالماي قاچىپ، ئاقسۇ، كۇچار تەرەفكە بارىپ تۇرۇپ قالغان ئادەم ئىكەن. شۇبۇ توغرەدىن بۇ ئادەملەرنى ئۆز يۇرتىغە يەتكۈزۈپ يەر-سۇيى بولسە تاپىپ، قولىغە بېرىپ، ئەدالەت بىلەن سوراپ فادىشاھ بولامىز، ياخشىلىق بىلەن ھاجىم، ئابدۇلرەھمان فادىشاھ شەھەرنى بىكار قىلىپ بەرسۇن، يا بۇكىم، قاراقاشنى بىزگە بەرسۇن، بولمىسە ئۇرۇشۇپ ئالۇرمىز›-دەپ ئۈچۈر بەردى».

يەركەندىن كەلگەنلەرگە قاراپ، كۇچالىق خوجىلار بىلەن يەركەننىڭ

ئاخىردىكى «ئەتە بامداتتا ھاجىمنى ئىككى ئوغلىنى تۇتىۋالىلى» دېگەن بەگلەرنىڭ گېپىدىن، كېچىككەندىمۇ كۇچالىقلار
1- قېتىم خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن خوتەندە ھېبىبۇللا مۇپتى ھاجىنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئىككىسى (ئابدۇرەھمان بىلەن مەسۇمخان)لا خوتەندە بارلىقى كۆرستىلىدۇ.

رەھبىرنى باش قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىۋالىمىز. پارسا ساھىبزادەم بولسا ئابدۇرەھماننىڭ ئوغلى ئاتا ئاللا ياكى ۋەزىرخان بولسا كېرەك. پەخرىدىن خوجا كۈچارى بولسا، راشىدىن خوجىنىڭ ئىنىسى، ھاجى مىرابىبەگ كۈچارى بولسا، سايرامىنىڭ كىتابىدىكى ھاجى غەزنىچى بەگ ئىكەنلىكىنى ھامادا ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئاقسۇ، كۈچاغا قېچىپ كەتكەن خوتەنلىكلەرنىڭ قايتىپ كېلىش سەۋەبى كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇنداق بايان يوق. سايرامى يەركەندىن كەلگەن ئەسكەرلەر تاپشۇرغان نامىدىكى ئەدەپسىز مەزمۇنلار ھېبىيبۇللا مۇپتى ھاجىنىڭ غەزىبىنى قوزغاپ قويغان دەيدۇ.

بۇ قېتىملىق تۇنجى ئۇرۇشتا كۈچالىقلار بىلەن خوتەنلىكلەر قاراقاشتا تۇتۇشۇپ، ئاقىۋەت كۈچالىقلاردىن 17 ئادەم ئۆلگەن، 7 ئادەم يارلانغان، 30 كىشىنى ئەسىرلىككە تاشلاپ بېرىپ چېكىنگەن. خوتەنلىكلەردىن 8 كىشى ئۆلۈپ، 7 كىشى يارلانغان.

2 ـ **كۈچالىقلارنىڭ 2ـقېتىم خوتەنگە كېلىشى:**

كۈچالىقلارنىڭ 1ـ قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەن خوتەن ھاكىمىيتىنى ئۇزۇن ئۆتمەي زاۋالىق زەكەرىيا ئىشان ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان: بۇ ئىشنى مۇھەممەد ئەلەم مۇنداق خاتىرلىگەن:

«بۇ كۈنلەردە زاۋا قورغانىنىڭ قاشىدا ئولتۇرۇغلۇق زەكەرىيا ئىشان دەپ بىر كىشى بار ئىدى. بۇ كىشى ئىبن يەمىن ئاقساقال، شەربەتدار باشلىغ بەگلەرغە ۋە تۇنگانىلەرغە كىشى ئىبەردىكىم: ‹ئەگەر سىزلەر ھەمەڭلەر مەسلەھەتنى بىر قىلىپ، قۇرئان تۇتۇشۇپ، ئەرتە سالامغە كىرگەندە ھاجىنى، ئابدۇرەھمان فادىشاھنى تۇتۇپ ئالىپ، مەھكۇم قىلساڭلەر ۋە مېنى فادىشاھ قىلساڭلەر، ھەر بىرىڭلەرغە ئايدا بىر يامبۇ بېرەي، ھەر مەقسەدىڭلەر بولسە، راۋا قىلاي›ـدەپ كىشى ئىبەردى. شۇل كۈنى يىگىرمە يەتتە كىشى ۋەئىدە قىلىشىپ، قۇرئان تۇتۇشۇپ ئەيدىلەر كىم: ‹ئەرتە بىلەن سالامغا كىرگەن زامان ھاجىنى، ئىككى ئوغلى بىلەن تۇتۇپ باغلاپ مەھكۇم قىلىپ ئالامىز، قالغان ئادەملەرنىڭ كارى سەھل›ـ دەپ ۋەئىدە قىلىشىپ ئىدى». سوفىيلەرنىڭ رەھبىرى مەنىسىدىكى ئىشان ئاتىقى ئالغان بۇ كىشى مەرغىنانلىق بەگلەردىن بولمىش ئىبن يەمىن قاتارلىقلار ۋە تۇنگانىلار بىلەن بىرلىشىپ ھېبىيبۇللا مۇپتى ھاجى

يوقاتماقچى بولغانلىقى، بۇ چاغدىكى خوتەن ھاكىمىيىتى ھۆلىنىڭ مۇستەھكەم ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاقىۋەت، زەكەرىيا ئىشانىنىڭ سۈيىقەستى غۇلامخان ھەزرەت قاتارلىق كىشلەرنىڭ خەۋەر بېرىشى بىلەن ئاشكارلىنىپ قىلىپ، خوتەندە بىر سائەتتەك جەڭدىن كېيىن زەكەرىيا ئىشان قاتارلىق يەركەندە قېچىپ كەتكەن، كۇچالىقلار ئۇ ئىشتىن بىر ئايدەك ۋاقىتتىن كېيىن يەركەندىن خوتەنگە كەلگەن قوشۇنىنىڭ كۆلىمى 30000 لەشكەر. 6000 تۇنگان، 2000 يىڭى مۇسۇلماندىن تەركىپ تاپقان. 1-قېتىم كەلگەنلەردىن ھاجى بەگ، يەركەنلىك نىياز بەگ، زاۋالىق سۈيىقەستچى زەكەرىيا ئىشان. ئىبن يەمىن شەربەتداردىن باشقا يەنە يەركەنلىك، ئەندىجانلىق ۋە بەدەخشانلىقلارمۇ قاتناشقان. كۇچا قوشۇنى پىيالمىغا كەلگەندە، خوتەنلىكلەرنىڭ قاراۋۇللىرىنى تۇتۇۋېلىپ، 11 كىشىنىڭ بۇرۇن- قۇلاقلىرىنى كېسىپ خوتەنگە ئەۋەتىپ بەرگەن. خوتەنلىكلەر بۇلارغا قارشى پۈتۈن خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، 3 كۈن ئەتراپىدا پىيالمىغا ئۇرۇش قىلغان. ھېبىبۇللا مۇپتى ھاجىنىڭ ئوغلى، خوتەنلىكلەرنىڭ قوماندانى ئابدۇرەھمان پادىشاھ جەڭدە ئۆلگەن.[20] ئىككى تەرەپ ھېچقانداق غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن.

**3 - خوتەنلىكلەر نەزىرىدىكى كۇچالىقلارنىڭ «غازىتى»:**

پىيالما ئۇرۇشىدا ئۆلگەن ئابدۇرەھمان پادىشاھنىڭ ۋاپاتى خوتەنلىكلەر ئۈچۈن تولىمۇ بەختسىزلىك بولۇپ، بۇ ۋەقە خوتەنلىكلەرنىڭ خاتىرىسىگە ئورناپ كەتكەچكە، قوشاق قىلىپ ھازىرغىچە ئوقۇپ كېلىشىۋاتىدۇ. X1X ئەسىرنىڭ ئاخىرى بۇ يەرنى زىيارەت قىلغان گرېنارد ئابدۇرەھمانخان داستانىنى تەرجىمە قىلىپ، بىر قىسمىنى تونۇشتۇرغان.

يېقىندا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمي ئەسەرلىرىنى رەتلەش ئىشخانىسى بۇ قوشاق (توغرىسى داستان)لارنى يىغىپ نەشر قىلغان. بۇ قوشاق خوتەننىڭ دىنى مەدەنىيىتىنى ئانالىز قىلىشقا پايدىلىق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىسىمۇ، ئۆزگەرتىۋېتىلگەن داستاندا پىيالما ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا تارىخي ماتېرىياللاردا ئۇچرىمايدىغان ھەقىقەتلەرمۇ ھېكايە قىلىنغان. مەسىلەن:

(20) ئەنۋەر بايتۇرنىڭ كۆرسىتىشچە، سايرامى بۇ يەردە ئابدۇرەھماننى ئەمەس، ئىبراھىم سۇدۇرنى ئۆلگەن دېگەن، بۇ خاتادەك قىلىدۇ.

پىيالما ئۇرۇشدا ئابدۇرەھماننى ئۆلتۈرگەن مەھرەم ئىسمايىل كۇچا تەرەپتىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۆلتۈرگەن دېيىلگەن:

مارەك بولسۇن ھوي مەرەم،
ئابدان چاغدا كەلدىڭيا.
خۇش سائەتتە كەلدىڭيا
بىر تۇغقان ئەمەسىمدۇك،
قېرىنداش ئەمەسىمدۇك،
ئابدۇراھمان پاششاغا
سەن نىمچىدىڭ ئىسمايىل،
ئابدۇراھمان پادىشا
سېنىڭ كىچىك ۋاقتىڭدا
ئاناڭ-داداڭنى ئۆلتۈرۈپ،
سېنى ئۇلجىغا ئالغان
جانغا جان ئالغىن
بىزنىڭ مەزھىبىمىز
ئىمامى شاپىنىڭ مەزھىبى
ئابدۇراھمان پاششانىڭ مەزھىبى
ئىمامى ئەزەمنىڭ مەزھىبى.
بىزنىڭ مەزھىبىمىز بۆلەك.
ئابدۇراھمان پاششاغا
مەرەم بوپتۇ دەپ ئاڭلاپ.
ئاچچىقىم يامان كېپتى.
ئابدان چاغدا كەپسەن.
ئابدۇراھمان پاششانىڭ
بېشىنى كىسىپ بەرگىن.

بۇ يەردە ئىسمايىلنى كۇشكۇرتۇپ ئابدۇرەھماننى ئۆلتۈرگەن كۇچالىقلار، خوتەنلىكلەرنىڭ قوشقىدىكى تارىخىي ماتېرىيالدا خاراكتېر جەھەتتىن ئاخىرىغىچە

خوتەنلىكلەرنىڭ يەرلىك كۆز قارىشىنى ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى شۈبھىسىزدۇر. بۇ يەردە دېيىلگەن ئىمامى شاپى بولسا شافىئى مەزھىبىنىڭ پىرىنى، ئۇنىڭ قارىشىغا قويۇلغان ئىمامى ئەزەم بولسا ئەھلى سۈننىيلاردىكى ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ پىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خوتەنلىكلەرنىڭ ئۆزىنى ئەھلى سۈننىي دەپ قاراپ، كۇچالىقلارنى ئوخشاش بولمىغان مەزھەپتىكى مۇسۇلمان دېگەن قارشى ئىپادىلەنگەن. بىراق، كۇچا خوجىلىرى بىلەن خوتەن ھاكىمىيتى ئىلمى فىقھىدە مۇخالىپ پىكىردە بولۇشى تولىمۇ گۇمانلىق. سايرامى خوتەن خەلقى قوزغىلاڭدا تۇنگانلارنى كاپىرلارغا قوشۇپ يوقاتقانكەن دەپ، خوتەنلىكلەرنىڭ تۇنگانلىقلارغا قارشى تۇرۇش كەيپىياتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. جامائەتكە مەلۇم بولغۇدەك، كۇچالىقلار بۇرۇندىن باشلاپ تۇنگانلار بىلەن ئورتاق كۆرەش قىلىش مۇناسىۋىتىنى ئورناتقان. يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك كۇچادىن خوتەنگە كەلگەنلەر ئىچىدە تۇنگانلارمۇ ئاز ئەمەس. تۇنگانلارنىڭ شافىئى مەزھىبدە دېگەن قاراشىنىڭ ئەينى چاغدا مەۋجۇت ئىكەنلىكى بىللىۋىنىڭ دوكىلاتىدىنمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، بۇ قوشاقنى توقۇغانلارنىڭ نەزىرىدە، تۇنگانلار بىلەن بىرلەشكەن كۇچالىقلارنى تۇنگانلار ئوخشاش خەق دېيىشى، كۇچالىقلارنىڭ «غازات»نى مازاق قىلغانلىقى مۇقەررەر. يەنە سايرامى خوتەندىكى ھېبىبۇللا مۇپتى ھاجىنىڭ جاھىللىق قىلىپ كۇچالىقلارغا ئىتائەت قىلىشنى رەت قىلغانلىق سەۋەبىنىڭ بىرى بولسا بۇچاغدىكى كۇچالىقلارنىڭ ئاتامانى ھاجى غەزنىچى بەگ، دەپ كۆرسىتىلگەن. ھاجى غەزنىچى بەگ ھەققىدە ھېبىبۇللا مۇپتى ھاجىنىڭ مۇنداق تەنقىد قىلغانلىقىنى بايان قىلغان: «خوجاملاردىن بىرىنى ئەۋەتمەي، مېنىڭ ئۇستۇمگە ھاجى غەزنىچى بەگدەك ختاي ئەۋەتكىنى نىمىسى؟ ھېچبولمىغاندا، ئىسلام شەرئىتى ئىچىدە مۇسۇلمان كىيىمى بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن، دىندار مۇسۇلمان تېپىلمىدىمۇ؟ [21] بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇ ئىدىكى، خەزىنچىبەگ كۇچادىكى خوجىلارغا ئانا جەمەت تۇققانچىلىقى بار، ختاي مەنسەپدارلىرىغا توڭچى بولۇپ كەلگەن قەدىمىي بەگزادىلەردىن ئىدى. ئۇ يەركەندە تۇرۇشلۇق خان ئامبالغا توڭچى بولۇپ مەنسەپ تۇتقان، ختايچە سۆزنى ياخشى سۆزلەيدىغان، ختايچە كىيىم-كېچەك كىيىشكە ئادەتلەنگەن كىشى ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك بەگلەر غازاتقا قاتناشقان بولسا، مانجۇر، ختايچە كىيىنگەن توڭچىلارغىچە كۇچالىقلار قوشۇنىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەنلىكىنى

(21) «تارىخىي ئەمنىيە»، 88-بەت.

ھېچبولمىغاندا مۇشۇنىڭدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ھېبىبۇللا مۇپتى ھاجىنىڭ بۇ گېپى كۇچالىقلارنىڭ «غازات»تا ئىپادىلىگەن شۇئارى بىلەن ئەمەلىيتى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن زىددىيەت بارلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

خوتەن خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، كاپىرلار بىلەن تۇنگانلار ياغ بىلەن گۆشتەك بولۇپ ئۆتكەن، يەنە كېلىپ كاپىرلارنىڭ كىيىمنى كېيگەن تۇڭچىنى يولباشچى قىلغان كۇچا قوشۇنى، بۇنداق ئۇلۇغ قوزغىلىشتا «غازاتچى» بولۇشقا تولىمۇ مۇناسىپ كەلمەيدىكەن دەپ ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ. ھەج قىلغان، مۇپتىلىق قىلغان ھېبىبۇللا مۇپتى ھاجى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەقلىغا سىغمايدىغان ئىش قىلىپ يۈرگەن تۇڭچىغا تېز پۈكۈش ئاقىۋەتتە تازا قاملاشمىغان ئىش. خوتەنلىكلەرنىڭ كۇچالىقلارغا زەربە بېرىشى زىددىيەتلىك «غازات» ھالىتىدە كەسكىن قارشىلىشىش ھالىتىگە ئۆتىۋالغانلىقنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

### (3) ياقۇپبەگنىڭ ئەندىجانلىق تەسىر كۈچلىرى ۋە كۇچالىق خوجىلار

قەشقەرنى ئىگىلىگەن سىدىقبەگنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن قوقەند خانلىقىنىڭ سەركەردىسى ياقۇپبەگ قەشقەرلىك خوجىلار پۈشتىدىن بولمىش بوزرۇكخان تۆرىنى ئېلىپ قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ 1865- يىلى 1- ئايدىكى ئىش. ياقۇپبەگنى ئاساس قىلغان قوقەندلىك ئاتالمىش «ئەندىجانلىق»لار بوزرۇكخان تۆرىنىڭ نۇپۇزى بىلەن قىرغىزلارنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىپ، قەشقەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىكىگە ئالغان.

#### 1 - ياقۇپبەگنىڭ يەركەنگە كېلىشى:

ياقۇپبەگ بىلەن كۇچالىقلارنىڭ تۇنجى ھەربىي ئۇچرىشىشىنى كۇچالىقلارنىڭ يەركەنگە يۈرۈش قىلىشىدا بولغان ئىش، كۇچالىقلارنىڭ يەركەنگە يۈرۈش قىلىشى ھەققىدىكى تارىخىي ماتېرىيال ناھايىتى كەمچىل، يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى تولۇق يورۇتۇش قىيىنراق. كۇچالىقلار كېچىككەندىمۇ 1865- يىلىنىڭ بېشىدا يەركەنگە يېتىپ كەلگەن.[22] بۇ قوشۇنغا شەيخ نەزىردىن خوجا باشچىلىقىدىكى 4000 لەشكەر، ئۈچتۇرپاندىن بۇرھاندىن خوجىنىڭ ئوغلى ھامىدىن خوجا باشچىلىقىدىكى

(22) كىم خودۇڭنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئاساسلىق تارىخى ماتېرىيال بولمىش سايرامىنىڭ بۇ بايانىدا بۇرھاندىن خوجا بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ پائالىيىتى مەركەزلىك بايان قىلىشقىلا بېرىلىپ كېتىپ، باشقا جايلارغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

1500 لەشكەر ۋە ئاقسۇلۇق 1500 لەشكەرنى قوشقاندا جەمئىي 7000 كىشى بولغان. سايرامى، كۇچالىقلارنىڭ يەركەنگە كەلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالى ھەققىدە مۇنداق خاتىرىلىگەن: «يەركەننىڭ بىر تەرىپىدە ئابدۇرەھمان ھەزرەت ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۇنگانلارنىڭ ئىمامى ھۆكۈم يۈرگۈزۈۋاتاتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن خوجاملار بىلەن ئابدۇرەھمان ھەززەت ئوتتۇرىسىدا جەڭ-جېدەل بولدى. ئەسلىدىمۇ تۇنگانلار بىلەن بەزىدە ئىتتىپاق بولۇپ، بەزىدە ئىتتىپاق بولالماي تۇرىۋاتقاندى. شۇ ئەسنادا يەركەن بەگلىرىدىن نىيازبەگ دېگەن كىشى بىر نەچچە كاتتا بەگلەر نامىدىن قەشقەردىكى ياقۇپ قۇشبېگى تەكلىپ قىلىپ نامە يېزىپ ئەۋەتتى.[23]

يەركەندە 1864- يىلى 7- ئاينىڭ 26- كۈنى قوزغىلاڭ پارتلاپ، تۇنگانلار قوللايدىغان كابوللۇق غۇلام ھۈسەيىن، ئارقىسىدىن ئىنىسى ئابدۇرەھمان ھەززەتنى رەھبەرلىك ئورنىغا چىقاردى. بىراق ئۇلار ئەمەلىي ھوقۇقنى قولغا ئالالمىدى. كۇچالىقلار يەركەنگە كەلگەندە، ئىككى تەرەپنىڭ تىركىشىشى كۈچىيىپ قالغانىدى. شۇڭا نىياز بەگ قاتارلىق ياقۇپبەگنى ئارىغا قىستۇرۇش ئۈچۈن تەكلىپ قىلغانىدى.

نىيازبەگنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 2- ئاينىڭ ئاخىرى، 3- ئاينىڭ باشلىرىدا ياقۇپبەگ يەركەنگە كەلگەن. 4000دەك لەشكىرى بارمىش، دېيىلگەن ياقۇپبەگ ئاتلىق لەشكەرلەرنى ئاساس قىلغان قوشۇننى باشلاپ، جۈمە كۈنى يەركەننىڭ كونا شەھرىگە كىرگەن، كۇچالىقلار بىلەن تۇنگانلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن بىر كۈندە جەڭ قىلغان. جەڭدە ياقۇپبەگ غەلىبە قىلاي دەپ قالغاندا، كۇچالىقلار شەھىرىنىڭ دەرۋازىلىرىنى تاقاپ، ياقۇپبەگنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن. ياقۇپبەگ 3000 لەشكىرى ۋە مىڭگەن ئېتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئالتۇن دەرۋازا ئارقىلىپ قېچىپ قۇتۇلغان.[24] ياقۇپبەگنى يەڭگەن كۇچالىقلار تۇنگانلار بىلەن بىرلىكتە يېڭى شەھەرگە قاپسىلىپ قالغان مانجۇرلارنى قورشاپ يوقاتقان. يەركەننى قولغا ئالغاندىن كېيىنكى ئەھۋالنى سايرامى مۇنداق خاتىرىلىگەن:

(23) «تارىخي ئەمنىيە»، 65- بەتتىكى «ئۆزلەت» (چېكىنىش) سۆزى گۇننار ياررىڭ ساقلىغان «تارىخى ھەمىدى»دە «ئىززەت» يېزىلىپ قالغان.

(24) «ئالتۇن دەرۋازا» يەركەن كونا شەھەردە خوجىلار دەۋرىدىن باشلاپلا بار بولغان غەربىي دەرۋازا بولۇپ، يېڭى شەھەرنىڭ يولىمۇ مۇشۇ دەرۋازىغا تۇتاشقان. بۇ چاغدا قوقەندتىن ياقۇپبەگ بىلەن بىللە كېلىۋاتقان خوتەندىكى ھېبىيبۇللانىڭ ئوغلى ئىبراھىم سۇدۇر قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ. ياقۇپبەگنىڭ ھەربىي مەبلىغىنى بۇلاپ خوتەنگە قېچىپ كەتكەن.

«شەھەر پەتھى بولدى. ئامباردىكى ئاشلىق ۋە ئوق-دورىلار مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشتى. تەبرىك ۋە تەنتەنە ئاۋازلىرىدىن قۇلاقلار پۈتۈپ كەتتى. ناغرا-دۇمباق. سۇناي-كانايلارنىڭ شادىيانە سادالىرى پەلەككە يەتتى. ئەمما، يەنىلا تۇنگانلار بىلەن پۈتۈشەلمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئابدۇرەھمان ھەززەت، يەركەندىكى باشقا ھەزرەت ئىشانلار، قاغىلىقتىكى جامالىدىن خوجا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يەركەن ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولىغا ئېلىشنى تەمە قىلغانلىقتىن، ئۆز ئارا مۇرەسسەگە كېلەلمەي ئىتتىپاقلىشالمىدى. خوجاملار يەركەننى ئىدارە قىلىپ ئۆز قولىدا تۇتالمىدى»[٢٥].

ئورتاق دۈشمىنى بولغان مانجۇرلارنى يوقاتقاندىن كېيىن، يەركەندىكى ھەر قايسى تەسىرى كۈچلەر قايتىدىن تىركىشىش ھالىتىگە كىرىپ قالغان. بۇنىڭ ئىچىدە كۇچالىقلارنىڭ تەسىر كۈچى مۇستەھكەملىنىپ كاپالەتكە ئىگە بولالمىغاچقا، ئاقىۋەتتە كۇچاغا چېكىنگەن.

**2 - خان ئېرىقتىكى ئۇرۇش:**

1865- يىلى باھاردا ئاقسۇنىڭ ھاكىمى جامالىدىن خوجا باشچىلىقىدىكى كۇچالىقلار قايتا يەركەنگە قاراپ ئاتلانغان. بۇ چاغدا، يەركەنگە كەلگەن كۇچا قوشۇنى تەييارلىقى تولۇق بولۇپ، كۇچا، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپاندىن جەمئى 26000 كىشىلىك زور قوشۇن ئىكەن. بۇ قوشۇننىڭ يەركەنگە يېقىنلاشقان چاغدىكى ئەھۋالى ھەققىدە سايرامى مۇنداق خاتىرىلىگەن: «يەركەننىڭ ۋالىي ئالىلىرى، ھەززەت ۋە تۇنگانلارنىڭ ئىماملىرى، ئۆلىما ۋە پازىللىرى، چوڭ-كىچىك پۇقرالىرى سوۋغا-سالاملار بىلەن ئالدىلىرىغا چىقتى. يۈزلىرىنى خوجاملارنىڭ غالىب ئۈزەڭگىلىرىگە سۈرتۈپ، قوللىرىنى دۇئاغا كۆتىرىپ، تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا ئاجىز ۋە بىچارىلىكىنى شەپى كەلتۈرۈپ، خوجام پادىشاھلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن. دۆلىتىنىڭ زىيادە بولۇشىغا ئايەتلەر ئوقۇپ، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ خىجالەتلىك تەرلىرىنى ئاققۇزۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىدىكى قىلغان ئىشلىرىنىڭ پۇشايمىنىغا غەرق بولۇپ تۇرغان چاغدا، خوجاملار پادىشاھلارچە ئىنئام، سېخىيلارچە مەرھەمەتلىرىنى كۆرسىتىپ، ھەممىنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىپ، دىلكەشلىك بىلەن خۇشال-خۇرام قىلدى. ئاندىن كاتتا داغدۇغا، ھەشەمەت بىلەن يەركەن شەھرىگە كىرىپ

(25) «تارىخىي ئەمنىيە»، 67- بەت.

پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى»[26]. يەركەنلىكلەر 1- قېتىم يۈرۈش قىلىپ كەلگەن كۇچالىقلار بىلەن ئۇرۇشقان پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، تەييارلىق بىلەن كەلگەن كۇچالىقلارنى ئىززەت- ئىكرام بىلەن كۈتىۋالغان. يەركەندىكىلەر بىلەن كۇچالىقلار قوشۇلۇپ جەمئىي 72000 كىشىلىك چوڭ قوشۇن بولغان، سايرامىنىڭ «خوجاملار ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەر قانداق دەۋردە بۇنداق قۇدرەتلىك لەشكەرنى يىغىپ يولغا چىقالمىغان، ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردىمۇ بۇنداق زور قوشۇننى كۆرمىدىم» دېگەن خاتىرىسىدىن ئەينى چاغدىكى قوشۇننىڭ ھەقىقەتەن زورلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

ھىجرىيە 1282 - يىلى جامادىيەل ئەۋۋەلنىڭ 2 - كۈنى (1865 - يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى) زور قوشۇنغا ئىگە بولغان كۇچالىقلار قەشقەرگە قاراپ ئاتلانغان.[27] كۇچالىقلارغا قارشى ياقۇپبەگ تەرەپتە ئەندجانلىق، بەدەخشانلىق ۋە قىرغىزلاردىن 2000 كىشى تەييارلانغانىدى.

جەڭدىن ئىلگىرى كۇچالىقلار ياقۇپبەگكە مۇنداق نامە ئەۋەتكەن:

«كۇچا خوجىسى راشىدىن خوجىنىڭ ۋەزىرلىرى جامالىدىن خوجا، ھامىدىن خوجا، خاتىب خوجىلىرىدىن ئەندجاندىن كەلگەن بوزرۇكخان، ياقۇپبەگ قوشبېگىگە تۆۋەندىكىلەرنى ئۇقتۇرىمىز. بىز ئەدەدى بى ھىساب لەشكەر بىلەن تاشكەنتتىكى ئۇرۇسلار بىلەن غازاتقا ماڭدۇق. شۇڭا يولنى بىكار قىلىپ بېرىڭلار، ئات ئايىغىدا قالماڭلار. ئىلاجى بولسا بۇزرۇكخان بىلەن قۇشبېگى ئۆز يۇرتىغا كەتسۇن»[28].

بۇ ۋاقىتتا روسىيە قوشۇنلىرى قوقەند خانلىقىنى ئىستېلا قىلىش ئۇرۇش قىلىۋاتقانىدى. 5- ئايدا قوقەند خانلىقىنىڭ ۋەزىرى ئالىمقۇل روس قوشۇنلىرى

---

(26) «تارىخىي ئەمنىيە»، 70- بەت.

(27) گۇننار ياررىڭ ساقلىغان «تارىخى ھەمىدى»دە سايرامىنىڭ بۇ خاتىرىسى يوق بولۇپ، پىللىوت ساقلىغان «تارىخى ئەمنىيە»دە ھىجرىيەنىڭ 1282- يىلى جەمادىيەل ئاخىرىنىڭ 28- كۈنى (10-11-1865). ئەنۋەر بايتۇر نەشرى قىلدۇرغان «تارىخى ھەمىدە»دە ھىجرىينىڭ 1283- يىلى جامادىيەل ئەۋۋەلنىڭ 2- كۈنى (12-9-1866) دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان. مەن مۇشۇنى ئالدىم.

(28) گۇننار ياررىڭ ساقلىغان «تارىخىي ئەمنىيە»دە بۇ مەزمۇن «تارىخى ھەمىدى» بىلەن ئاساسەن ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمھالى بولمىش 2- داستان بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ 2- بېتىدە «ھىجرىيىنىڭ 1331- يىلى رابىيەلئەۋۋەلدە (1913- 2- 3- ئاي) مۇھەممەد ياقۇپبەگ غازىنىڭ خېتى ئۇرۇش ئىقلىمىدىن ئەكەلگەن. تالىپئاخۇن موللا نىمەت ئاخۇن ئوغلى بارات ئېيىدا تاماملىندى. بۇ كىتاپ 8- ئايدا تاماملاندى» دېگىنىگە قارىغاندا پانتىسوفنىڭ نەشىر قىلدۇرغان قولىيازمىسى بولسا كېرەك. يەنە كېلىپ بۇ تارىخىي ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن يىغى ئەمەس، خان ئېرىقتىكى ئۇرۇشنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ۋاقىتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلىشى يىڭىدىن كىتابقا قوشۇپ قويۇلغان سايرامىنىڭ باشقا ئەسەرلەردە ئۇچرىمايدىغان ئاخباراتلار بار.

بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن كاپىرلار روسلارنىڭ كۈچلۈكلىكى ئېنىق بولسىمۇ كۇچالىقلار ياقۇپبەگكە قەشقەرنى بىكارلاپ بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرغا قويغانىدى.

ئىككى تەرەپ قەشقەرنىڭ شەرقىي جەنۇبتىكى خانئېرىقتا تۇتۇشقان، ئۇرۇش 9 سائەتچە داۋام قىلىپ، ئاقىۋەت سان جەھەتتىن كۆپ ئاز بولغان ياقۇپبەگ غەلىبە قىلغان. كۇچالىقلار يېڭىلىپ يەركەنگە كەلگەندە، يەركەنلىكلەر شەھەر دارۋازىسىنى تاقىۋالغان، ئاخىرى كۇچالىقلار ئاقسۇغا چېكىنگەن.[29]

كۇچالىقلارنىڭ يېڭىلىشى ۋە ياقۇپبەگنىڭ غەلىبىسى ھەققىدە كىم خودۇڭ ئەپەندى كۆرستىپ ئۆتكەندەك، ئىككى تەرەپنىڭ تەركىبىدىكى ئوخشىماسلىقلار چوڭ سەۋەپ بولغان. كۇچالىقلار دىنىي داھىيلارنى باش قىلغان ئەبجەش قوشۇن بولسا، ياقۇپبەگنىڭ لەشكەرلىرى قوقەند خانلىقىدىكى كەسپىي ھەربىيلەرنى قوماندان قىلغان ھەم تاغ- قىرلاردىكى جەڭلەردە چېنىققان قەۋملەرنى سېپىگە قوشۇۋالغان بولغاچقا ئاقىۋەتتە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە قەشقەر تەرەپ غەلبىنى قولغا كەلتۈرگەن.

**3 - ئەندجانلىقلارغا قارشى «غازات»:**

خانئېرىقتىكى ئۇرۇشتىن قارىغاندا، سايرامىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا كۆپىنچە غالىپ كەلگەن ياقۇپبەگنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئۇرۇش ئەھۋالىنى خاتىرلىگەن. بۇ ئۇرۇشتىكى ھەقىقىي ئەھۋاللارنى ئىگىلىمەك تەس. بولۇپمۇ كۇچالىقلار ياقۇپبەگنىڭ ئەندجانلىقلىرىنى قانداق دەپ مەۋجۇت قىلىپ ئىگىلەش؟ ھەربىي يۈرۈش قىلىش دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە بىۋاستە جاۋابلىق ئاخباراتقا ئىرىشمەك ئوڭاي ئەمەس. ۋاستىلىق بولسىمۇ، كۇچالىقلارنىڭ ھەركىتىنى سايرامى مۇنداقچە خاتىرلەپ قويغان: «ئۆزلۈم ئاتلىنىپ بېرىپ يەركەن ۋە قەشقەرنى پەتھى قىلىپ، ياقۇپ قۇشبېگى دېگەننى تىرىك تۇتۇپ باغلاپ. بېشىغا ئىنسان بالىسى كۆرمىگەن خارلىقلارنى سېلىپ، ئەتىۋارىنى قويماي، ئىتىنىڭ تۇمشۇقىدا ھەمشە پىيادە ئېلىپ يۈرمىسەم نىزامىدىن خوجىنىڭ ئوغلى بولماي قالاي» دەپ ئاچچىق، يامان سۆزلەر بىلەن قەسەم ئىچتى، ئۇنىڭ ھەممە دۆلەت ئورگانلىرى ۋە خۇشامەتچىلەر «ۋاي شۇنداق بولماي، يۇرتىدىن قېچىپ كەلگەن يالىڭاچ بۇلاڭچىنىڭ نېمە ئەتىۋارى بولسۇن، دەپ ھەددىدىن زىيادە خۇشامەت

(29) «تارىخىي ئەمنىيە»، 69- 75- بەتلەرگىچە. بۇ ئۇرۇش ھەققىدە كىم خودۇڭنىڭ ماقالىسىگە قاراڭ.

قىلىپ ئاشۇرۇۋەتتى»[30]. سايرامنىڭ بۇ تەسۋىرى مازاق تەلەپپۇزىدا بولۇپ، كۇچالىقلار ياقۇپبەگنى ئەندىجانلىق دەپ دۈشمەن تۇتقانلىقنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. يەنە يەركەندە «ئەندىجانلىق دۈشمەن بىلىپ، قەشقەرگە يۈرۈش قىلىمىز دېگەن داۋراڭ پەيدا بولغان. ئابدۇللا پانسات كۇچالىقلار يەركەنگە كەلگەن چاغدىكى ۋەزىيەتنى مۇنداق خەۋەر قىلىدۇ: «خان ئېرىقتىن خەۋەر كەلدى. كۇچا، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان. مارالبېشىدىكى لەشكەرلەر جەم بولۇپ يەركەنگە يۈرۈش قىپتۇ. تارغارچىغا كېلىپ بوپتۇ. تۇنگانلارنىڭ كاتتىلىرى يىغىلىپ، مەسلەھەتلىشىپ، قەشقەردىكى ئىككى شەھەرنى تارتىۋېلىپ، ئەندىجانلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ قەشقەرنى پايتەخت قىلىپ، ئەندىجانغا يۈرۈش قىلىمىز دەپ قارار قىپتۇ»[31]. بۇنداق دۈشمەنلەرنىڭ ئىگىلىگەن ئاخباراتىنىڭمۇ تارىخىي ماتېرىيال قىلىنىش ئىشىنىش قىممىتىنى يۇقىرى دەپ ئويلايمەن. ئەندىجانلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ قەدەممۇ- قەدەم ئەندىجانغىچە بېسىپ بارىمىز، دېگەن بۇنداق داۋراڭ ئەينى چاغدا يەركەن ئەتراپىدىمۇ ئېقىپ يۈرگەن. شۇڭا قەشقەردىكى ئەندىجانلىقلار ئارىسىدىمۇ بۇ خەۋەر ئاشكارلانغان. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان، بۇ چاغدا قەشقەردىكى بىر نەچچە مەشھۇر بەگلەرنىڭ يەركەنگە كېلىشى دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. مۇغاللىلىق مۇقەررەببەگ، قىزىلبويىلىق سىدىقبەگ (قىرغىز سىدىق بەگ ئەمەس) ۋە ئوغلى ئىسلامبەگ، ھەم يەركەندە ھەپسىدە تۇرۇۋاتقان قىزىلبوينىڭ ھاكىمى پەرىقبەگ [32] قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جامالىدىن خوجىنىڭ ئۆمرالىرىدىن ئىكەن. قەشقەردىن كەلگەن بەگلەر يېڭى شەھەر قولدىن كەتكەندىن كېيىن ياقۇپبەگنى يوقىتىش پىلانىمۇ مەغلۇب بولۇپ يەركەنگە قېچىپ كەلگەن. كۇچالىقلارنىڭ قويىنغا ئۆزىنى ئاتقان قەشقەرلىكلەر ئۆزىنىڭ تەسىرىنى قايتا تىكلەش ئويىدا بولغان دەپ كىشىنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرىدۇ ھەم يۇقىرىقى داۋراڭنىڭ نېمىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاندۇرىدۇ.

«ئۆز يۇرتىدىن قېچىپ كەلگەن كەلكۈندى ئەندىجانلىقلارنى ئۆلتۈرۈش، قەشقەرنى

(30) «تارىخىي ئەمنىيە»، 69-بەت.

(31) ئابدۇللا پانساتنىڭ «تارىخى سىغەرى» دېگەن ئەسىرى 41- ۋاراق. بۇ تارىخى ماتېرىيال ياقۇپبەگنىڭ گۇماشتىسى قولىدا پارسچە يېزىلغان ئەسەر. مەن بۇ ئەسەردىكى مەزمۇنلارنى ھامادا ماسامى ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىكى تەرجىمىسىدىن نەقىل ئالدىم.

(32) پەرىقبەگ توگچى خان سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 2- يىلى قەشقەردىكى قۇتلۇقبەگ ھاكىم بىلەن جىدەللىشىپ قىلىپ يەركەندە ئون يىل قارا ئۆي (تۈرمە)دە ياتقان. يەركەندە تۇنگانلار قوزغىلاڭ كۆتەرگەندە، قارا ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ، سىدىقبەگنىڭ قەشقەرنى مۇھاسىرە قىلىشقا قاتنىشىپ، قۇتلۇقبەگ بىلەن قايتا تۇتۇشقان. قۇتلۇقبەگ «پەرىقبەگنى ئۆلتۈرسەڭ شەھەرنى بېرىمىز» دېگەندە قىرغىزلار پەرىقبەگنى تۇتۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئاخىرى يەركەنگە يولغا سېلىۋەتكەن. تالىپ ئاخۇننىڭ بۇ باياني ۋەلىخاننىڭ دەۋرىدە قوقەندگە قېچىپ بېرىپ ياقۇپبەگ بىلەن قەشقەرگە كەلگەن ئەزىزبەگ جاللاد، پەرىقبەگ بىلەن يەركەندە تۈرمىدە ياتقانلىقى بىلەن ماس كەلمەيدۇ.

ياقۇپبەگدىن تارتىۋېلىش، ئاخىرى ئەندىجانغا يۆرۈش قىلىش دېگەن داۋراڭنىڭ مەزمۇنى تۇنۇشتۇرۇپ ئۆتكەن راشىدىن خوجىنىڭ «يارلىقى»نىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكىگە ئوخشاش، ھەقىقەت ئەندىجانلىق ۋە ياقۇپبەگنى دۈشمەن بىلگەن نۇقتىلاردا كاپىرلار بىلەن «زالىملار»غا زەربە بېرىشنى ئوبيېكت قىلغان «يارلىق»نىڭ قىزىق يېرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. يەنى بېشىدا كاپىرلارغا «غازات» قىلىشنى چاقىرىق قىلغاندا، غازات ئوبيېكتى كاپىرلار بىلەن زالىملاردىن ئەندىجانلىقلارغا ئالماشقان. يەركەن بىلەن كۇچادىكى مۇسۇلمانلارنى سەپەرۋەر قىلىش بۇنداق داۋراڭ قىلىشنىڭ مەقسىدى بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. خانئېرىقتا كۇچالىقلارنىڭ مەغلۇب بولۇش سەۋەبى ئاساسلىقى كۇچالىقلار قوشۇنىنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ لېكىن، قوشۇن مۇنتىزىم تەربىيەلىنىشى يوق دېيەرلىك، ئىنتىپاقسىزلىقىدىن بولغان. ئەندىجانلىقلارغا قاراتقان غازات ھەر خىل مىللەتكە تەۋە مۇسۇلمانلارنى چەكلەشتە ئاكتىپ ئامىل بولۇشتەك فۇنكسىيەلىك رولىنى ئوينىيالمىغان.

**خۇلاسە**

كۇچالىقلارنىڭ سىرتقا قاراتقان ھەربىي يۈرۈشى 1864 - يىلى 6 - ئايدا پارتلىغان كۇچا قوزغىلىڭىدىن كېيىن، قالايمىقان ۋەزىيەتنى تەرتىپكە سېلىش زۆرۈرىيىتى بىلەن راشىدىن خوجىنىڭ ئۆمۈدى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئېنىق ھەرىكەت، بۇ ھەربىي يۈرۈش كاپىرلار ھۆكۈمرانلىقىنى ئىنكار قىلىش، كاپىرلار بىلەن زالىملارنى يوقىتىشتەك دىنىي پەرز بىلەن غازات ئۈچۈن تەشۋىق قىلىپ، كۇچانىڭ غەربىدىكى يەركەن، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەرنى قوشىۋېلىپ، يەنە تېخى يىراقتىكى پەرغانىدىكى شەھەرلەردىمۇ تەسىرىنى يۈرگۈزۈشتەك كونكرېت مەقسەت ئۈچۈن «يارلىق» چىقارغان. راشىدىن خوجىنىڭ يارلىقى بىلەن كوچالىق خوجىلار باشچىلىقىدىكى لەشكەرلەر غازات قىلىپ، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپانغىچە ھۇجۇم قىلىپ بارغان. بۇ جايلاردا كاپىرلار بىلەن «زالىم» دەپ قارالغان بەگلەرنى يوقاتقان. ھەرقايسى جايلاردىكى ئاھالىلەر «ئازات قىلغۇچى» بولمىش كوچا خوجىلىرىنى قارشى ئالغان.

كۇچا خوجىلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىدىن تولۇق پايدىلانغان. جايلاردىكى باشقا مىللەتلەرگە تەۋە مۇسۇلمانلار بىلەن ماھىيەتلىك پەرقلەردىكى «قارشىلىشىش» ئاتالغۇسىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكەن. كۇچا قوزغىلىڭىدا مۇرەسسەچىلىك رولىنى ئوينىغان كۇچا خوجىلىرىنىڭ نوپۇزى، باشقا جايلاردىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا

مەقبۇل كۆرۈلمىگەن. قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە «ئازات قىلغۇچى» بولۇپ «غازات» نىڭ ماھىيىتىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرغان، كۇچا خوجىلىرى 1864- يىلى قىشتىن باشلاپ بارغانلار يېرىدە مۇسۇلمانلارغا يېتەكچىلىك ئورنىنى تىكلەپ، ئۇلاردىكى ماھىيەتلىك پەرققە ئىگە مۇسۇلمانلار ئالدىدا «غازات»نىڭ ئۆزگەرگەن ماھىيىتىنى يۈرگۈزمەسلىككە ئامالسىز قالغان. قەشقەردىكى قىرغىز سىدىقبەگكە قارىتا ئېيتقاندىمۇ، ناھايىتى چوڭقۇر ئەنئەنىۋى قارشىلىشىش مۇناسىۋىتىدىن، كاپىرلار كونتروللىقىدىكى زالىملار بىلەن ئورتاق كۆرەش قىلىش غەربىزى بولسىمۇ ئاقىۋەت مەغلۇپ بولغان. خوتەندىكى ھېبىبۇللا مۇپتى ھاجىغا قارىتا ئېيتقاندا، تۇنگانلار بىلەن ھەمدەملىك مۇناسىۋىتى بار، مانجۇرلار دەۋرىدە بەگ بولغانلار سەردار بولغان كۇچا قوشۇنىنىڭ «پەرقلىق ماھىيىتى»دىن سەسكەنگەن خوتەنلىكلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن مەغلۇپ بولۇپ قايتقان. ياقۇپبەگ باشچىلىقىدىكى ئەندىجانلىقلارغا قارىتا ئېيتقاندا، ئەندىجانلىقلارنى ياغى بىلىپ، قەشقەرنى تارتىۋېلىشنى تەشۋىق قىلىپ مۇسۇلمان كۈچلەرنى توپلاپ، خان ئېرىقتىكى ئۇرۇشتىن ئۇمىد كۈتكەن بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە قاتتىق يېڭىلىنىپ نادامەت چەككەن.

خان ئېرىقتىكى ئۇرۇشتىن باشقا يەنە راشىدىن خوجا كۇچانىڭ شەرقىدىكى ھەربىي يۈرۈش قىلىۋاتقان لەشكەرلەرنى قايتۇرۇپ كەلگەن، بۇ كۇچالىقلارنىڭ شەرق- غەربكە ھەربىي يۈرۈش قىلىش ھەركىتىنى ئاياقلاشتۇرۇشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى سەھنىسى ۋە دەۋرى، ياقۇپبەگنىڭ دەۋرىگە يۈزلەنگەن ■

(بۇ ماقالىدە پايدىلانغان تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە پايدىلىنىشتا گۇننار يارىڭ ئەپەندى، ياپونىيەنىڭ پارىژدىكى باش ئەلچىخانىسىدا ئىشلەيدىغان توسى سىزىكو خانىم، شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسى، هامادا ماسامى ئەپەندى، شىنمېن ياسوشى ئەپەندى ياردىمىنى ئىلتىپات قىلدى. بۇ يەردە چوڭقۇر تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن).

ياپونچە «ئىچكى قۇرۇقلىقتىكى ئاسىيا تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» ژۇرنىلىنىڭ 1993- يىلىدىكى 11- سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

پىروفېسسور دوكتور بەدى گەنجەر

# ئىسلام دۇنياسىنىڭ مودېرنىلىشىش[1] ھادىسىسى بىلەن ئىمتىھانى

ئادىل يۈسۈپ تەرجىمىسى

تېئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مودېرنىلىشىش «يېڭى دۇنيا بەرپا قىلىش مۇساپىسى»نى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە مۇنداق سوئال سوراشقا توغرا كېلىدۇ: «يېڭى دۇنيا»دېگەندە زادى نېمە كۆزدە تۇتۇلىدۇ؟ ئالەملەرگە رەھمەت سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سايىسىدە ھەم دىن، ھەم ئۇنىڭ جانلىق تەدبىقى بولغان دىيانەت سۈننەت تەرىقىسىدە كامالەتكە يەتتى. بىراق ئىلاھىي دىن ئەبەدىي مۇكەممەل ئىدى، ئىنسانىي دىيانەت  بولسا غەيرى مۇكەممەل ئىدى. ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە بۇ پېتنە-پاسات ئالىمدە بولغىنىدەك، دىن ۋە دىيانەتتىمۇ بۇزۇلۇش ياكى يېڭىلىنىش بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، جانابى ھەق ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ ئۈممىتىگە رەھمىتىنىڭ ئەسرى سۈپىتىدە يۈز يىللىق بۇزۇلۇش مەزگىلىدىن كېيىن دىنىنى يېڭىلايدىغان ئالىم ئەۋەتىدۇ. ئالىملارنىڭ قەرەللىك مەزگىلدە كېلىشى ئاخىر زاماندا مەھدىنىڭ ۋەزىپىسىدە يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. مەھدى ناقىس كوللېكتىپ دىيانەتنى  تارىخنىڭ ئاخىرى تۈگۈنىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىشقا ئاشۇرغاندەك قايتىدىن كامالەتكە ئېرىشتۈرۈپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام قوغلانغان جەننەتنى ياكى ئىسلام تارىخىنىڭ بېشىدا روياپقا چىققان سائادەت دەۋرىگە ئوخشاش زېمىندا جەننەت بەرپا قىلىدۇ.

---

(1) ئىنگلىز تىلىدىكى مودېرن(Modern) دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدىكى زامانىۋى دېگەن ئۇقۇمغا توغرا كېلىدۇ. مودېرنلىشىش(Modernization) دېگەن سۆز زامانىۋىلىشىش دېگەن ئوقۇمنى بىلدۈرىدۇ. زامانىۋىلىق ياۋروپاغا نىسبەتەن ئوتتۇرا ئەسىر جەمئىيىتىدىن ھازىرقى زامان جەمئىيىتىگە ئۆتۈش ياكى ئەنئەنىۋى جەمئىيەت تىپىدىن ھازىرقى زامان جەمئىيىتىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت دەۋر خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئەندىزىسىنى كۆرسىتىدۇ. زامانىۋىلىشىش دەۋر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ياۋروپاغا نىسبەتەن 16-ئەسىردىن كېيىنكى جەمئىيەت ئۆزگىرىشلەرگە قارىتىلغان. خاراكتېر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، زامانىۋىلىق ئەنئەنىگە قارشى يېڭىلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەمما، ئاسىيا ۋە ئافرىقا خەلقلىرىگە نىسبەتەن زامانىۋىلىق ۋە زامانىۋىلىششنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىسى ۋە خاراكتېرى ياۋروپانىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ئاسىيا-ئافرىقا خەلقلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى تۇلىمۇ كېيىن باشلانغان. شەكىل جەھەتتىن ئالغاندا، ئاسىيا-ئافرىقا خەلقلىرى غەرپ مودىلىدىكى زامانىۋىلىشىش شەكلىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلمىغان.

## يېڭى دۇنياغا بارىدىغان يول

پوتكۈل زامانىۋى ئۇقۇملارغا ئوخشاش «مودېرنىي» ئۇقۇمىمۇ قارىماققا جەمئىيەتشۇناسلىق[2] ئۇقۇمىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تېئولوگىيەلىك[3] ئۇقۇمدۇر. جەمئىيەتشۇناسلىق جەھەتتىن مودېرنىلىشىشنى ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا «ماھىيەتلىك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش»ھادىسىسى تەرىقىسىدە ئىزاھلاش مۇمكىن. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۈركىيەگە ئوخشاش يېزا-ئىگىلىك جەمئىيىتىنىڭ سانائەتلىشىش مۇساپىسىگە كىرىشى ئەمەلىيەتتە مودېرنىلىشىشتىن ئىبارەت ماھىيەتلىك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش مۇساپىسىگە كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مودېرنىلىشىشنى نوقۇل جەمئىيەتشۇناسلىق جەھەتتىن چۈشىنىش تولىمۇ يۈزەكى بولۇپ قالىدۇ، مودېرنىلىشىشنىڭ يەنە تېئولوگىيەلىك مەنىسىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردە كاللىمىزغا كەلگەن «جەمئىيەتلەر نېمە ئۈچۈن بۇنداق بىر ماھىيەتلىك ئىجىمائىي ئۆزگىرىش مۇساپىسىگە كىرىشكە مەجبۇرلاندى؟»دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىغا تېئولوگىيەلىك نۇقتىدىن ئېرىشكىلى بولىدۇ. غەربلىك بولمىغان جەمئىيەتلەر نۇقتىسىدىن جەمئىيەتشۇناسلىق مەنىسىدىكى مودېرنىلىشىش «غەربلىشىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. غەربلىشىش ھادىسىسى غەربلىك بولمىغان جەمئىيەتلەر ھەر جەھەتتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان غەرب ئالدىدا پۈت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆچ ئېلىش خاھىشىنىڭ تۈرتكىسىدە قوبۇل قىلغان يولنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەھۋالدا غەرب دۇنياسى كىرىشكە مەجبۇر بولغان ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش مۇساپىسىنى ئېپادىلەيدىغان مودېرنىلىشىشنىڭ مەنبەسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك سوئال تېئولوگىيەلىك جاۋابنى تەقەززا قىلىدۇ.

تېئولوگىيەلىك نۇقتىدىن مودېرنىلىشىش «يېڭى دۇنيا قۇرۇش مۇساپىسى»نى كۆرسىتىدۇ. جورج بۇش تەرىپىدىن 1991-يىلى ئېلان قىلىنغان «يېڭى دۇنيا تەرتىپى» ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ تىزگىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان لىبېرال[4]دۇنيانىڭ پىلانى بويىچە ماڭغان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيا تەرتىپىنى كۆرسىتەتتى. بىراق بۇ ئىبارىنىڭ لاتىنچە ئەسلى novus ordo seclorum ، يېڭى

(2) جەمئىيەتشۇناسلىق جەمئىيەتنى، ئىنسانلارنى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئىلمىي ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ تەتقىق قىلىدىغان ۋە يەكۈن چىقىرىدىغان ئىجتىمائىي پەننىڭ بىر تۈرى.

(3) ئىلاھىيەت، بۇ يەردە تېئولوگىيە دېگەندە خرىستىيان دىنىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام كۆزدە تۇتۇلمايدۇ.

(4) لىبېرال دېگەن بۇ ئۇقۇم ئەركىن بولۇش، چەكلىمىلەردىن قۇتۇلۇپ چىقىش دېگەن مەنىدە.

ئەمەس يېپيېڭى دۇنيا تەرتىپىنى بىلدۈرەتتى. قۇياشنىڭ ئاستىدا يېڭى نەرسىنىڭ يوقلىقى ھەممىگە مەلۇم. تەڭداشسىز يېپيېڭى دۇنيانى ياراتقۇچى پەقەت جانابى ھەقتۇر. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ «يېپيېڭى دۇنيا تەرتىپى» بەرپا قىلىش غايىسى ئۇتوپىيەدىن[5] ۋە قۇرۇق خىيالدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس، خالاس.

تۈركچە ۋە ئۇيغۇرچىغا دۇنيا دېگەن تەرىقىدە تەرجىمە قىلىنغان ئىنگلىزچە world كەلىمىسى ئەسلىدە دەۋر ياكى چاغ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە «يېپيېڭى چاغ ياكى دەۋر»دېيىلگەندە «جەننەت»كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن، چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ تاشلىغان ئادەم ئەلەيھىسسالام، ئىمتىھان ئۈچۈن سەماۋىي ۋەتىنى بولغان ئاسمان جەننىتىدىن بۇ يات ئالەمگە سۈرگۈن قىلىندى. ئىنساننىڭ ئاخىرقى غايىسى بولسا ھەقىقىي ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، بۇ يات ئالەمدىن ساماۋى ۋەتەنگە، ئاسمان جەننىتىگە قايتىدىن ئېرىشىشتىن ئىبارەت. بىراق بۇنىڭدىن ئاۋال ئاخىر زاماندا ناقىس كوللېكتىپ دىيانەت كامالەتكە يېتىدىغان بىر يەر يۈزى جەننىتى ئىنسانلارنى كۈتمەكتە.

ئالەملەرگە رەھمەت سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سايىسىدە ھەم دىن، ھەم ئۇنىڭ جانلىق تەدبىقى بولغان دىيانەت بولسا سۈننەت تەرىقىسىدە كامالەتكە يەتتى. بىراق ئىلاھىي دىن ئەبەدىي مۇكەممەل ئىدى، ئىنسانىي دىيانەت بولسا غەيرى مۇكەممەلدۇر. ئىلاھىي ھىكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە بۇ پېتىنە-پاسات ئالىمدە بولغىنىدەك، دىن ۋە دىيانەتتىمۇ بۇزۇلۇش ياكى يېڭىلىنىش بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، جانابى ھەق ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ ئۈممىتىگە رەھمىتىنىڭ ئەسرى سۈپىتىدە يۈز يىللىق بۇزۇلۇش مەزگىلىدىن كېيىن دىنىنى يېڭىلايدىغان ئالىم ئەۋەتىدۇ. ئالىملارنىڭ قەرەللىك مەزگىلدە كېلىشى ئاخىر زاماندا مەھدىنىڭ ۋەزىيىسىدە يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. مەھدى ناقىس كوللېكتىپ دىيانەتنى تارىخنىڭ ئاخىرى تۈگۈنىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىشقا ئاشۇرغاندەك قايتىدىن كامالەتكە ئېرىشتۈرۈپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام قوغلانغان جەننەتنى ياكى ئىسلام تارىخىنىڭ بېشىدا روياپقا چىققان سائادەت دەۋرىگە ئوخشاش زېمىندا جەننەت بەرپا قىلىدۇ.

خىرىستىيانلىق ئېتىقادىدا ئاخىر زاماندا ئىككىنچى قېتىم كېلىدىغان مەسىھ،

(5) ئۇتوپىيە غايىۋى جەمئىيەت چۈشەنچىسىنى كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەتتە ئېغىر مەسىلە كۆرۈلگەن ۋاقىتتا كىشىلەر تەرىپىدىن غايىۋى ۋە خىيالىي بىر شەكىلدە ئويدۇرۇلۇپ چىقىلغان جەمئىيەت شەكلىدىن ئىبارەت.

قىيامەت قايىم بولۇشتىن ئىلگىرى مىڭ يىل داۋاملىشىدىغان يەر يۈزى جەننىتى قۇرۇپ چىقىدىكەن. خرىستىيان دۇنياسى تېئودىسە[6] مەسىلىسى سەۋەبىدىن تەڭرىنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشىپ كېتىپ دىنىي تېئولوگىيەگە يەنى نوقۇل ئىدېئولوگىيەگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، نەتىجىدە دىنىنىڭ ئۆزى يەنى ماھىيىتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ناھايىتى قورقۇنچ بولغان ئېتىقاد سىستېمىسى (مەشرۇئىيەت)[7] كىرىزىسىگە دۇچ كېلىدۇ. تارىختا بۇنىڭغا ئوخشاش بوھران ياكى كىرىزىسلار ئەۋجىگە چىققان مەزگىللەردە مەسىھنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈش خاھىشى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەقىقىي مەسىھنىڭ كەلمەي قويۇشى خرىستىيان دۇنياسىنىڭ كىلاسسىك مەسىھ ئېتىقادىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشكە سەۋەب بولغانىدى. بىراق ئېتىقاد تەبىئىتىدە بولغان ئىنساندا مەسىھچىلىك ئېتىقادى تەلتۆكۈس يوقالماي، سېكۇلەر[8] (دەھرىيلىك)تۈسكە ئايلاندى.

سېكۇلەر ياكى سېكۇلەرلىق تېئولوگىيەنىڭ شەكىل ئۆزگەرتىشىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرلىرىگە زۇلۇم قىلىش تۈيغۇسى سەۋەب بولغان مەشرۇئىيەت (يوللۇق، ھەقلىق ۋە قانۇنلۇق) كىرزىسىنىڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىشى سەۋەبىدىن خرىستىيان دۇنياسىنىڭ ئاخىر زاماندا مەسىھ قۇرىدىغان يېپيېڭى دۇنيا تەرتىپىنى ۋە يەر يۈزى جەننىتىنى ساقلاشقا تاقىتى قالمايدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، خرىستىيانلار بىرلا مەسىھنىڭ فۇنكسىيەسىنى فرانسىيە ئىنقىلابىدىكىگە ئوخشاش كوللىكتىپ مەسىھ ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، كۈتۈلىۋاتقان بۇ يېڭى دۇنيانى بەرپا قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. مودېرنىلىق بۇ لايىھەنىڭ سېكۇلەرلىشىشىنى (دەھرىيلىشىشىنى) ئىپادە قىلىدىغان تېرمىندۇر. مودېرنىلىق مەسىھنىڭ ئاخىر

(6) ئىلاھىي ئادالەت مەسىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. دىن پەلسەپەسىدە يامانلىق بىلەن مۇتلەق ياخشى بولغان تەڭرى ئۇقۇمىنىڭ قانداق قىلىپ بىريەردە بولىدىغانلىقىنى ئىزاھلاش تىرىشچانچىلىقىغا بېرىلگەن نامدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يامانلىق ئالدىدا تەڭرىنىڭ ئادالىتى ۋە ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ياقلاشنى كۆرسىتىدۇ. تېئودىسە ئۇقۇمى گىركچىدە تەڭرى (theous) ۋە ئادالەت (dike) مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىككى كەلىمىنىڭ بىرلەشمىسىدىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، «تەڭرىنى ياقلاش»، «تەڭرىنى ھەقلىق كۆرسىتىش»مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

(7) يوللۇق، ھەقلىق، قانۇنلۇق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

(8) سېكۇلار كەلىمىسى ئىنگلىزچە ئارقىلىق لاتىنچىدىكى « saecularis» كەلىمىسىدىن كېلىدۇ. بۇ سۆز بىۋاستە ھالدا بۇ دۇنيالىق ۋە ۋاقىتلىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سېكۇلارلىشىش بولۇپمۇ زامانىۋى سانائەت جەمئىيەتلىرىدە دىنىي ئېتىقادلار، ئىبادەتلەر ۋە ئورگانلارنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى يوقىتىپ قويۇش مۇساپىسىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە دۇنيانىڭ سىرلىق ۋە مۇقەددەسلىكتىن ئايرىلىپ چىقىشى، ئورگانلىق ۋە قۇرۇلمىلىق پەرقلىنىش، ئاپتونوملىشىش، ئەقلىيلىشىش، شەخسلىشىش، خۇسۇسىيلىشىش، نىسپىيلىشىش، ئۇ دۇنياغا ئەمەس بۇ دۇنياغىلا تەۋە بولۇش، ئىشەنمەسلىك، چېركاۋ دىندارلىقىنىڭ يىمىرىلىشى، چىركاۋسىزلىشىش، دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە شەخسىي سەۋىيەدە ئاجىزلىشىشى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىمۇ كۆرسىتىدۇ.

زاماندا «ئۇيەردە ۋە كېلەچەكتە» قۇربدىغان يېڭى دۇنيانى ئالدىغا (هازىرقى ۋاقىتقا) يۆتكەش، ماركسىنىڭ ئىپادىسى بويىچە زامانىنىڭ نورمال ئېقىش سۈرئىتىنى تېزلەشتۈرۈپ دەرھال «بۇيەردە ۋە ھازىر»[9]بەرپا قىلىش لايىھەسىدۇر. بۇ يەردە دەل مودېرنىلىق-سېكۇلارىزم مۇناسىۋىتى تولۇق ئايدىڭلىشىدۇ، يەنى مودېرن دۇنياغا بارىدىغان يولغا سېكۇلەر ئارقىلىق يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. سېكۇلارىزم ئاخىرقى نىشان بولغان يېڭى دۇنيا تەرتىپىگە ئېلىپ بارىدىغان يولنى، ئاخىر زامانىدىكى يەر يۈزى جەننىتىنى كۈتۈپ تۇرۇشنىڭ ئورنىغا «بۇ يەردە ۋە ھازىر» بەرپا قىلىش لايىھەسىنى كۆرسىتىدۇ.

قىسقىسى، سېكۇلارىزم زامانىنى توڭلىتىپ قويۇشنى ياكى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشنى كۆرسىتىدىغان ئېسكاتولوگىيەلىك[10]چۈشەنچىدىن ھالقىپ ئۆتۈش يولى بولغان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭمۇ «تەتۈر يول»ئىكەنلىكى ئاشكارىلاندى. زامانىۋى ئىنساننىڭ تىراگېدىيەسى ئوتتۇرا يولنى تاپالمىغىچە، پالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان يوللاردا تېگىرقاپ يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. زامانىۋى ئىنسان مەسىھچىلىك ئېتىقادىنى تەبىئىي تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە ياشاشنىڭ ئورنىغا زامانىنى يا توڭلىتىپ قويۇش ياكى سۈرئىتىنى نورمالدىن تېزلەشتۈرۈشكە ئۇرۇندى. تېئولوگىيەلىك مەسىھچىلىك ئېتىقادىدىكى «ئۇ يەردە ۋە كېلەچەك» چۈشەنچىسى، زامانىنىڭ سۈرئىتىنى نورمالدىن تېزلەشتۈرۈش ھېسابلىنىدىغان سېكۇلار مەسىھچىلىكتىكى «بۇ يەردە ۋە ھازىر»چۈشەنچىسىگە ئۆزگىرىدۇ. بۇ ئىككى چۈشەنچە ئەمەلىيەتتە ئۇ دۇنيا ھاياتىغا قارىغاندا ئەھمىيەت بېرىلىپ كەتمەيدىغان ۋە قىممەتلىك ھېسابلانمايدىغان بۇ دۇنيا ھاياتىغىلا ئەھمىيەت بېرىشتەك ئېغىر خاتالىقتىن كېلىپ چىققان. ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا «بۇ يەردە ۋە ھازىر» بولسا «ئۇ يەردە ۋە كېلەچەك»تىن، روھتىن ۋە مۇقەددەسلىكتىن ئايرىلىپ قالىدۇ، نەتىجىدە مودېرن دەۋردە سېكۇلارلىق، ئىلاھىي ۋە مۇقەددەسلىككە قارشى ھالدا ئىنسانىي ۋە ماددىي نەرسىلەر بىلەن ئوخشاش ياكى تەڭ ھالەتكە كېلىدۇ. مودېرنىلىششى بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئايرىلىش، بۆلۈنۈش ۋە ئۈزۈلۈش مۇساپىلىرىنى ئىپادە قىلىدۇ. ئاسمان ۋە زېمىن، ئۆتمۈش ۋە كېلەچەك، مەۋجۇدلۇق ۋە بىلىم، ئەقىل ۋە قەلب قاتارلىقلارنىڭ بىر-بىرلىرىدىن ئايرىلىشىنى،

(9) ئىنگلىزچە: now and here.

(10) ئۇ دۇنياغا ئالاقىدار بىلىم.

ئۆزلۈشىنى كۆرسىتىدۇ. روسسۇغا[11] ئوخشاش پروتېستان[12]رومانتىكلەر ناھايىتى قايغۇ ئىچىدە ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەن مودېرنلىقنىڭ بۇ ماھىيەتلىك ئىللىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ھەرىكەت قىلىپ باققانىدى.

ئىسلامغا ئوخشاش ئەسلىدىكى بارلىق ساماۋى دىنلار نومولوگىيەلىك[13] پرىنسىپقا تايىنىدۇ. نومولوگىيەلىك چۈشەنچە ئىنسانىيەت نومۇس[14]-شەرىئەتكە ئاساسەن ئىمتىھان ئېلىنىدىغان تارىخىي سەيىر دۇنيانىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتىغىچە ئىلاھىي قانۇننىڭ ئوبيېكتى بولغان ئىنسانلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىگە مەسئۇل بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «بىرىڭلار قولىدا كۆچەت بولۇپ قىيامەت قايىم بولىدىغان بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، قىيامەت قايىم بولغىچە ئۇ كۆچەتنى تىكەلەيدىغان بولسا تىكىۋەتسۇن» دېگەن ھەدىسى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ.

بۇ يەردە ئىسلامنىڭ ئىككى ئىبراھىم دىنى دۇچ كەلگەن ئاقىۋەتكە ئۇچراشتىن قانداق ساقلىنىپ قالغانلىقى ۋە ئەسلىدىكى نومولوگىيەلىك (شەرىئەتچىلىك) تەبىئىتىنى قانداق قىلىپ قوغداپ قالغانلىقى توغرۇلۇق سوئال پەيدا بولۇشى مۇمكىن. دىنىنىڭ ئەسلىدىكى نومۇلوگىيەلىك تەبىئىتىنى ساقلاپ قېلىشى تېئودېسە (ئىلاھىي ئادالەت) مەسىلىسىنى مۇۋاپىقيەتلىك ھەل قىلالىشىغا باغلىقتۇر. ئىمامى غەززالى ۋە ئۇنىڭ ئىزى بويىچە ماڭغان ئىسلام ئالىملىرى غەربكە سېلىشتۇرغاندا ئىسلامدا تېئودېسە مەسىلىسىنى ئىلمىي ئۇسۇل بويىچە ھەق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان. تەۋرەنمەس تەۋھىد ئەقىدىسى، شەرىئەت، كۈچلۈك ئۈممەت ۋە ۋاستىلىك سىياسەت (سىياسەتتىن ۋاستە ۋە قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىش) چۈشەنچىسى بىلەن ئىسلام دۇنياسىدا ھاكىمىيەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ غەربتىكىگە ئوخشاش چېركاۋ ۋە دۆلەتكە ئوخشاش ئورگانلىشىشىغا، رادىكال زامانىۋىلىشىشقا، سېكۇلارلىشىشقا ۋە ئىدىئولوگىيەلىشىشكە رۇخسەت قىلمىدى. ئىسلام دۇنياسىدا ئاباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە تەخمىنەن 1000-يىلىدا ئىشقا ئاشقان تۈنجى ئالەمشۇمۇللىشىش ۋە

(11) Jean-Jacques Rousseau بولسا فىرانسىيەلىك پەيلاسوپ، يازغۇچى بولۇپ، 1712-يىلىدىن 1778-يىلىغىچە ياشىغان. ئۇنىڭ سىياسىي ئىدىيەسى مەرىپەتچىلىك ۋە فىرانسىيە ئىنقىلابىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

(12) خىرىتسىيانلىقنىڭ بىر مەزھىپى.

(13) ھەق-ھوقۇق، قانۇن ۋە شەرىئەت بىلىملىرىگە مۇناسىۋەتلىك

(14) قانۇن.

زامانىۋىلىشىش (زامانغا ماس) دولقۇنى غەززالىغا ئوخشاش ئالىملارنىڭ تۈرتكىسىدە سۈننىي-ئەشارى سىستېمىسىغا تايانغان «ئىسلامىي دۇنيا قارىشى»دېيسەكمۇ بولىدىغان ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئاخىرلاشتى.

## زامانىۋى مەسىھنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا كېلىشى

ئىسلام زامانىۋىلىشىش (زامانغا ماس) دولقۇنىغا قارشى ھالدا ئاساسىنى پۈختىلاشتۇردى. ئىسلام ئۈممىتى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى تەبلىغ قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ئىلاھىي دىنىنىڭ ئەگۈشكۈچىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن «رەھمەت قىلىنغان ئۈممەت»[15] »بولدى. رەھمەت قىلىنغان بۇ ئۈممەت ئەڭ ئاخىرقى ئۈممەت بولغانلىقتىن بۇرۇنقى ئۈممەتلەرگە ئوخشاش كوللىكتىپ ھالدا پۈتۈنلەي ھالاك بولمايتتى، بىراق قىيامەت قايىم بولغۇچە قەرەللىك مەزگىللەردە «پېتنە-پاسات»قا ئوخشاش ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كېلەتتى. مۇسۇلمانلار ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىكى ئالەمشۇمۇللىشىش دولقۇنى (زېمىندا كېڭىيىش) تۈرتكىسىدە مەيدانغا كەلگەن زامانىۋىلىشىش سىنىقىدىن مۇۋاپپىقىيەتلىك ھالدا ئۆتتۈلگەنىدى. كەينىدىنلا كەلگەن ئەھلى سەلەپ ئۇرۇشلىرىمۇ (1095-1270) سالاھىددىنىنىڭ ئەپسانىۋى ھتتىن زەپىرى نەتىجىسىدە (1198) مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى.

كېيىنكى موڭغۇل ئىستېلالىرى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن يەنە بىر ئېغىر سىناق بولدى. 1258-يىلى باغدادنىڭ قولدىن كېتىشى ئىسلام دۇنياسىدا تارىخىي بۇرۇلۇش نۇقتىسى تەشكىل قىلىدۇ. ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغدادنى چىڭگىزخانىنىڭ نەۋرىسى ھۇلاگۇ 1258-يىلى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئابباسىيلار خەلىپىسى مىسىردا ھۆكۈم سۈرىۋاتقان مەملۇك سۇلتانلىقىدىن (1250-1517) پاناھلىق تىلەپ سىمۋوللۇق ھالەتكە كېلىپ قالغان خەلىپىلىكنى داۋملاشتۇردى. بۇ تەرىقىدە ئالەمشۇمۇل ئۈممەت غايىسى يوق بولغاندىن كېيىن ئوسمانلى پادىشاھى ياۋۇزنىڭ دەۋرىدە ئىسلام ئىمپېرىيەسىگە ئايلانغان ئوسمانلى، خەلىپىلىكنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن غازات[16] ۋەزىپىسى تۈرتكىسىدە ئىسلام دۇنياسىغا باش بولدى.

---

(15) ئۈممەتى مەرھۇمە.

(16) ئىسلام دىنىنى قوغداش ياكى تارقىتىش مەقسىتىدە غەيرى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان مۇقەددەس ئۇرۇش.

شۇنداق قىلىپ، سەلچۇقىيلار بىلەن باشلىغان «توغرا ئېتىقادقا تايانغان بىرلىك» ئۇرۇنۇشلىرى، ئەھلى-سۈننەت ۋە جامائەت سەزگۈرلۈكى ئوسمانلىدا يۇقىرى پەللىگە چىقتى. غەرب مەدەنىيىتى يۈكسەلگەن 1500-يىلدىن كېيىن ئىسلام دۇنياسى ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ باشچىلىقىدا سىياسىي جەھەتتىن مۇھىم دەۋرگە قەدەم قويدى.

دىنىي ۋە ئىمپېرىيە جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك روھىي بىلەن ئوسمانلى دۆلىتى 1400-يىلدىن باشلاپ غەربتە مەرىپەت ئويغىنىش، دىنى ئىسلاھاتچىلىق، بىلىم ۋە ئاقارتىش ھەرىكىتىگە ئوخشاش باسقۇچلاردىن ئۆتكەن زور ئۆزگىرىش ۋە ئېقىملارغا جايدا ۋە ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇلمىدى. ئوسمانلىلىنىڭ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىشى مەرىپەت ئويغىنىش ھەرىكىتىنى تولۇق چۈشەنگەن فاتىھ سۇلتان مۇھەممەد بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. بۇ سەۋەبتىن ھەربىي فەتىھى پىرىنسىپى بويىچە ئىش تۇتۇشنى داۋملاشتۇرغان ئوسمانلى غەربتىكى يېڭىلىقلارغا ھەربىي تېخنىكا جەھەتتىنلا ماسلىشىپ، بۇ يېڭىلىقلارنىڭ كەينىدىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويدى. غەربتىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرگە مۇسۇلمانلارلا ئەمەس، ئوسمانلى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە رول ئوينىغان رۇملارمۇ پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلدى. فەنەر رۇملىرىمۇ خىرىستىيانلىق غەرب ۋە شەرق خىرىستىيانلىقىغا پارچىلىنىپ كەتكەندىن باشلاپ، غەربتە بىلىم ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرگە سوغۇق مۇئامىلە قىلدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ پەرۋاسىزلىقنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئوخشاش ئۇزۇن مۇددەت داۋملىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى غەرب دۇنياسى مەرىپەت ئويغىنىش دەۋرى بىلەن ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش مۇساپىسىغا قەدەم قويغانىدى. ئىستانبۇل فەتھى قىلىنغاندا ۋىزانتىيەدىكىگە ئوخشاش «پەرىشتىلەرنىڭ جىنسىيىتى»دېگەن تەرىقىدىكى بىھۇدە بەس-مۇنازىرىلەردىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ ئۆتكەن غەرب، دۇنياسى بىلەن بىرلىكتە دۇنيا قارىشىنىمۇ تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە باشلىغانىدى. مەرىپەت ئويغىنىش دەۋرى بىلەن باشلىغان ئىدىيە ئىنقىلابىدىن كېيىنلا ئىلمىي، سىياسىي ۋە سانائەت ئىنقىلابلىرى بارلىققا كەلدى، غەربلىك مودېرن ئىنسان بولسا ئىلاھنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى قويۇپ تەبىئەت بىلەن تارىخنى بويسۇندۇرۇش

مۇساپىسىنى تېزلەشتۈردى. ئاتالمىش بىلىم[17] ساھەسىدىكى ئىنقىلاب تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش تىرىشچانلىقىنىڭ مەھسۇلاتى بولغان بولسا، فىرانسىيە ئىنقىلابى تارىخنى بويسۇندۇرۇش تىرىشچانلىقىنىڭ مەھسۇلاتى ئىدى، خالاس. تارىخنى بويسۇندۇرۇش ياكى تىزگىنلەش ئەمەلىيەتتە، زاماننىڭ نورمال مېڭىش سۈرئىتىنى تېزلەشتۈرۈپ مەسىھنىڭ ئاخىر زاماندا «ئۇ يەردە ۋە كېلەچەكتە» بەرپا قىلماقچى بولغان يەريۈزى جەننىتىنى «بۇ يەردە ۋە ھازىر»بەرپا قىلىش لايىھەسىنى ئىپادىلەيدىغان سېكۇلارىزمنىڭ تەقەززاسى ئىدى. فىرانسىيە ئىنقىلابى بۇ سېكۇلارلاشقان كوللېكتىپ مەسىھچىلىكنىڭ مەھسۇلاتى ئىدى. «سۇلار بۇلغانماي تۇرۇپ بېسىقمايدۇ» دېگەن ئىبارىنىڭ روھي بويىچە، فىرانسىيە ئىنقىلابى كەلتۈرۈپ چىقارغان قالايمىقانچىلىقتىن كۈتۈلۈۋاتقان يەريۈزى جەننىتى چىقىشى ئۈمىد قىلىناتتى. بىراق، يەريۈزى جەننىتى چىقماي قالدى. ئۇنىڭ ئورنىغا كىلاسسىك مەنىدىكى بىر مەسىھ ئوتتۇرىغا چىقتى: ناپالېئون بوناپارت.

كوللېكتىپ مەسىھ كونا تۈزۈمنى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولسا، يېڭى تۈزۈم ۋە تەرتىپ بەرپا قىلىشنى بىر مەسىھكە قالدۇرۇپ قويىدى. ناپالېئون ئۆزىنى « ئىنقىلابنىڭ مەسىھى» سۈپىتىدە كۆرگىنىدەك، ھېگېل قاتارلىق نۇرغۇن فىرانسۇز، نېمىس ۋە ئىنگلىز مۇتەپەككۇرلىرىمۇ ئۇنى كۈتۈلۈۋاتقان مەسىھ، نىجادتچى ياكى قەھرىمان سۈپىتىدە كۆرۈشكەن. ئەينى دەۋىردە بۇ توغرۇلۇق چىققان ئەسەرلەرمۇ ناپالېئوننى ھەربىي قەھرىمان سۈپىتىدە كۆرۈشتىن بەكرەك، فىرانسىيە، ياۋروپا ۋە ھەتتا پۈتكۈل دۇنيانىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئوتىدا يۈرگەن ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ قەھرىمانى سۈپىتىدە ئوبرازىنى سۈرەتلەپ چىققان. ئەسلىدىكى مەقسىتىدىن چەتنەپ كەتكەن ئىنقىلابنى ناپالېئون ھەققىي مەقسىتىگە ئېرىشتۈردى، ئىنقىلابنى ئۆتكۈنچى بىر ھەۋەسنىڭ مەھسۇلاتى سۈپىتىدە كۆرگەن ناپالېئونغا نىسبەتەن ھەققىي ئىنقىلاب «تارىخنى پەتىھ قىلىش» ئىدى.

ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مەسىھچىلىك قايتىدىن ئىشقا ئاشقان بولسا، ئالەمشۇمۇل سىياسىي غايە[18]دېيىلىدىغان سىياسىي غايە سېكۇلارلاشقانىدى. غەرب دۇنياسى

(17) بىلىم ئىلمىدىن پەرقلىق بىر ئۇقۇم. بىلىم شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتى، خاراكتېرى ھەققىدە تەجرىبىدىن ۋە سىناقتىن ئۆتكەن ئۇچۇر بولسا، ئىلىم بارلىق پەننى ۋە دىنىي ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(18) Cosmopolitanism بولسا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىي پىرىنسىپ بويىچە بىرلىككە كېلىشىنى تەشەببۇس قىلىدىغان غايە.

ۋېستفالىيا كېلىشىمىدىن[19] كېيىن بوھرانغا كىرىپ قالغان دىنىنى مەدەنىيەتكە ئۆزگەرتكەندىن كېيىن «ھەق-باتىل دىنلار» تەرىقىسىدىكى دىن ئاساس قىلىنغان ئەنئەنىۋى ئايرىمچىلىقنى «غەربلىك-شەرقلىق مەدەنىيەتلەر» تەرىقىسىدىكى مەدەنىيەت ئاساس قىلىنغان ئايرىمچىلىققا ئۆزگەرتتى، نەتىجىدە ئالەمشۇمۇل سىياسىي غايىسى بولغان ئەنئەنىۋى غەربچە خىرىستىيانلاشتۇرۇش غايىسىنىڭ ئورنىغا مەدەنىيلەشتۈرۈش (civilizing) غايىسى دەسسىدى. فىرانسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن ناپالېئون تەرىپىدىن قوزغالغان ئىسسىق مۇناسىۋەتلەر ئۆرۈشى بولغان مەدەنىيلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ تۇنجى نىشانى، شەرقنىڭ دۇنياغا تونۇشتۇرۇلغان دەرۋازىسى ھېسابلىنىدىغان مىسىر ئارقىلىق ئوسمانلى دۆلىتى باشچىلىقىدىكى ئىسلام دۇنياسى بولدى. ئەھلىسەلىب ئۇرۇشلىرى يۈز بېرىپ دەل 700 يىل ئۆتكەندىن كېيىن 1798-يىلغا كەلگەندە، ناپالېئوننىڭ قوماندانلىقىدىكى فىرانسىيە ئارمىيەسى، يەرلىك خەلقنىڭ قارشىلىقىغا بەكمۇ ئۇچراپ كەتمەي ئاسانلا ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ۋىلايىتى بولغان مىسىرنى ئىشغال قىلدى. ئىشغالىيەت ئەسلىدە پەلەستىنگىچە بولاتتى، بىراق 1801-يىلى فىرانسىيە ئارمىيەسى مىسىردىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنداق بولۇشىغا نە مىسىر خەلقى سەۋەب بولمىدى، نە ئوسمانلى دۆلىتى سەۋەب بولمىدى، بۇنىڭغا فىرانسىيەنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رەقىبى ئەنگلىيە سەۋەب بولغانىدى.

ناپالېئوننىڭ 1798-يىلدىكى مىسىر يۈرۈشى ياۋروپا بىلەن يېقىن شەرقنىڭ دۇنيانىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ پىلاننىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى، غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدا تەسىرلىرى ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقان كۈچلۈك توقۇنۇش ۋە رىقابەتنىڭ مۇقەددىمىسىنى تەشكىل قىلدى. ناھايىتى قىسقا داۋاملاشقان بىراق تەسىرى تولىمۇ كۈچلۈك بولغان بۇ ئىشغالىيەتنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى تولىمۇ چوڭقۇردۇر. نوپۇزلۇق شەرقشۇناس ئېدۋارد سەيىد قەيت قىلغاندەك، ناپالېئوننىڭ مىسىرنى ئىشغالىيەت قىلىشى نەتىجىسىدە كۈنىمىزدە ھېلىھەم مەدەنىيەت ۋە

(19) ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاساسىي 1648-يىلى ئىمزالانغان ۋېستفالىيا تىنچلىق كېلىشىمى بىلەن سېلىنىدى. ۋېستفالىيا تىنچلىق كېلىشىمى «مىللىي دۆلەت ياكى زامانىۋى دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى» پىرىنسىپىنى ئاساسلىق ھەق ۋە ھوقۇق سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ مەزگىلدىن باشلاپ، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە دۆلەتلەر ئاساسلىق ئويۇنچى، كۈچ ياكى ئاكتىيور رولىنى ئۆتەشكە باشلىدى. كۈنىمىزدە بۇ پىرىنسىپ ھەر دۆلەتنىڭ ئۆز تېررىتورىيەسىدە ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بۇ دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى بۇ پىرىنسىپنى چىقىش قىلغان ھالدا ئورنىتىشنى كۆرسىتىدۇ. (ت).

سىياسەت چۈشەنچىلىرىمىز ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرىمىزگە ھۆكۈمران قىلىۋاتقان شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە كۈرەش مۇساپىسىنى ھەرىكەتلەندۈردى. قىسقىغىنە داۋاملاشقان بولسىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي كۈچ مۇۋازىنەتلىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن ناپالېئون ئىشغالىيىتى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ھاكىمىيەت بوشلۇقى، مىسىردا مەھەمەت ئەلى پاشانىڭ باش كۆتۈرۈشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى. مىسىردا ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن بارغانچە كۈچىيىپ ئوسمانلى دۆلىتىگە تەھدىت سالالايدىغان ئەھۋالغا كەلگەن مەھەمەت ئەلى پاشا سەۋەب بولغان ئېغىر بوھران بولسا 1939-يىلدا تەنزىمات[20]پەرمانىنىڭ جاكارلىنىشى بىلەن نەتىجىلەندى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئوسمانلى دۆلىتىگە نىسبەتەن، ئىسلام دۇنياسىنىڭ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن يۈزلىشىش قارارىنىڭ جاكارلىنىشى ئىدى.

## ئىسسىق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغا

19-ئەسىردە غەربنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا كېلىشىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنى تەشكىل قىلىدىغان ناپالېئوننىڭ 1798-يىلدىكى مىسىر يۈرۈشى بىلەن باشلىغان ئىسسىق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى، ئىسلام دۇنياسىنى سىياسىي-قۇرۇلمىلىق جەھەتتىن مودېرنىلىشىش ھەرىكىتىگە يۈزلەندۈردى. بۇ ئەسىردە غەربنىڭ كېلىشىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىنىڭ تەشكىل قىلىدىغان تۈرك-ئىسلامغا زىت بولغان ئىنگلىز كۈلتۈر[21] ئۇرۇشى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى بولسا مۇسۇلمان زىيالىلىرىنى ئىسلامنى قايتىدىن ئىزاھلاش ۋە چۈشەندۈرۈش ئىزدىنىشلىرى سەۋەب بولغان پىكرى ۋە ئىدىيىۋى مودېرنىلىشىشقا ئېلىپ باردى.

مەرىپەت قايتىدىن ئويغىنىش ھادىسىسى بىلەن باشلىغان ياۋروپانىڭ دىن ۋە كىملىك ئالمىشىش مۇساپىسى 19-ئەسىردە يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ياۋروپا ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بىر تەرەپتىن ئۆز ئىچىدە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام بىلەن تارىخىي ھېسابلىشىشتا ھەل قىلغۇچ پەيتكە يېقىنلىشىۋاتقانىدى. بۇ سەۋەبتىن

(20) ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىدە 1839-يىلى تەنزىمان پەرمانى ئېلان قىلىنىدۇ. تەنزىمات بۇ پەرمانىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن باشلىغان زامانىۋىلىشىش ۋە يېڭىلىشىش دەۋرىنىڭ نامىدۇر. لۇغەت مەنىسى «ئىسلاھات ۋە رەھبەرلىكنى تەرتىپكە سېلىش» دېگەنلىكتۇر.

(21) بۇ ئۇقۇم ھەققىدە 150 دىن ئارتۇق تەبىر مەۋجۇت، بىراق كۆپىنچە ھاللاردا چۈشەنچە، پىكىر ۋە مەنىۋى تەرەپنى كۆرسىتىدۇ. كۈلتۈر ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا خىتاپ قىلىپ، ئىنساننىڭ مەنىۋى تەرەققىياتىنى كۆرسەتسە، مەدەنىيەت (غەربچە مەنىدە) جەمئىيەتكە خىتاب قىلىپ، ماددىي تەرەققىياتنى يەنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى كۆرسىتىدۇ.

19-ئەسىردىكى كۈلتۈر توقۇنۇشىنى ئاددىي قىلىپ ئېيتساق، «خىرىستىيانلىق-ئىسلام توقۇنۇشى»تەرىقىسىدە تەرىپلەش يۈزەكى ۋە خاتالىق بولاتتى. ئىسلامغا نىسبەتەن تۇتۇلغان بۇ پوزىتسىيەنى پەقەت خىرىستىيانلىق-ئىچى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتساق، يەھۇدىي-خىرىستىيانلىق كىملىكىگە تايانغان ياۋروپا-ئىچى كەسكىن ھېسابلىشىش، توقۇنۇش ۋە سايلىشىش نۇقتىسىدىن چۈشىنىش مۇمكىن. ئىسلام دۇنياسىدا «ئىسلام مودېرنىلىقى» دەپ ئاتالغان دىنىي قايتىدىن ئىزاھلاش ۋە چۈشىنىش ھەرىكىتىگە ئەمەلىيەتتە، ياۋروپادىكى دىنىي ئۆزگىرىش سەۋەب بولغانىدى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتساق، ئىسلامنى ئۆزگىرىشكە ۋە يېڭىلىنىشقا مەجبۇرلايدىغان «قايسى خىرىستىيانلىق ياكى قايسى ياۋروپا» مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

19-ئەسىردە ياۋروپانىڭ قەلبى ھېسابلىنىدىغان پىروتېستان ئەنگلىيەدە مەيدانغا كەلگەن سانائەت ئىنقىلابى بىلەن مودېرنىلىشىش مۇساپىسى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. نەتىجىدە مودېرنىلىشىش تۈرتكىسىدە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن مەشرۇئىيەت كىرزىسى، ياۋروپا-ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنى باشقىلاشتۇرۇش ياكى ياتلاش ئارقىلىق يەككە ۋە دۇنياۋى كىملىكلەرنى قايتىدىن ئىزاھلاپ سېكۇلارلىششنى تولۇق مەنىدە ئىشقا ئاشۇرۇش زۆرۈرىيىتى پەيدا قىلدى.

دۇنياۋى دىنلار پۈتكۈل ئىنسانلارنى ئۆزلىرىگە تەۋە قىلىش مەقسىتىدە تاشقى=ئالەمشۇمۇل، كاپىر-مۇئمىن ئايرىمىدىن ئىلگىرى ئىچكى=يەككە، توغرا=ئورتودوكس-ئازغۇن=ھېتېرودوكس ئايرىمى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىچكى كىملىكنى ئىزاھلاشتا نەتىجە ھاسىل بولغاندىن كېيىن نۆۋەت تاشقى كىملىكنى ئىزاھلاشقا كېلىدۇ. 1453-يىلى فاتىھ سۇلتان مۇھەممەد ئىستانبۇلنى پەتھ قىلىپ، ئورتودوكس خىرىستىيانلار مۇسۇلمان تۈركلەر بىلەن پۈتۈنلەشكەندىن كېيىن كاتولىك غەرب ئۆزگىلەرنى يوقىتىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن مارتىن لۇتېر ئوتتۇرىغا قويغان پىروتېستانلىق مەزھىپىنى ئۆزگە سۈپىتىدە قوبۇل قىلدى. غەربتە مودېرنىلىشىش مۇساپىسىدە كوللېكتىپ كىملىكلەر ۋە مەنبەلەرمۇ بۇ دىنىي-مەزھەپ ئايرىمىنىڭ روھىغا ئاساسەن سېكۇلارلەشتى. ئەسلىدە كاتولىكلىك بىلەن پىروتېستانلىق ئوتتۇرىسىدا تىرە شەكىللەندۈرگەن جىزۋىتلىك مۇرىتى دېسكارتېس، مونتايگىن، ھوببېس، ئېراسمۇس، لېيىنز، ۋولتايىر، مونتىسكيو ۋە كوندوركېتقا ئوخشاش پەيلاسوپلارنىڭ ئەسرى بولغان ياۋروپا ئاقارتىش ھەرىكىتى تۈرتكىسىدە

خرىستىيانلىق مەدەنىيەتكە (مەدەنىيلىشش=civilisation) ئايلاندۇرۇلدى.

فرانسىيە قاتارلىق كاتولىك ياۋروپادا دىنىنىڭ ئورنىغا يېڭى ۋە ئالەمشۇمۇل كىملىكنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەدەنىيەت ئۇقۇمى دەسسىگەن بولسا، گېرمانىيە بىلەن ئەنگلىيەگە ئوخشاش پروتېستان دۆلەتلەردە كاتولىك ياۋروپادا تەرغىپ قىلىنغان مەدەنىيەتنىڭ ئورنىغا يەككە ۋە ئالەمشۇمۇل كىملىكلەرنى بىرلەشتۈرىدىغان كۈلتۈر ئۇقۇمى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كۈلتۈر ئۇقۇمى بولۇپمۇ نېمىس دۇنيا قارىشىنىڭ ئاساسلىق ئۇقۇمى ھالىتىگە كەلدى. ئەنئەنىۋى خرىستىيانلىق-ئىچكى مەزھەب كىملىكلىرىنىڭ مەنبەسى بولغان كاتولىكلىك بىلەن پروتېستانلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئېتىقاد كۈرىشى، بۇ تەرىقىدە سېكۇلارلىشىپ مەدەنىيەت ۋە كۈلتۈر بىلەن كەيىندىكى پەلسەپلەر بولغان فرانسىيە مەركەزلىك ئەقلىيەتچىلىك بىلەن نېمىس مەركەزلىك رومانتىزم ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشقا ئايلاندى.

بىراق سېكۇلارلىشىش مۇساپىسىدە بىر-بىرىگە زىت بۇ ئۇقۇملاردىن باشقا سىجىل ئىلگىرىلەشكە ئوخشاش ئىستراتېگىيەلىك ئۇقۇملارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. جىزۋىتلىكنىڭ كاتولىكلىك~پروتېستانلىق ئوتتۇرىسىدىكى سىزىقنى شەكىللەندۈرگىنىدەك، ئىلگىرىلەشمۇ مەدەنىيەت بىلەن كۈلتۈر ئوتتۇرىسىدىكى سىزىقنى شەكىللەندۈردى. دېسكارتېستىن ۋولتايىرغىچە، گۇيزوتتىن رېنانغىچە بولغان كاتولىك دۇنيادىكى جىزۋىت-پروتېستان پەيلاسوپلار تەرىپىدىن دىن ئۇقۇمى مەدەنىيەت ئۇقۇمغا ئايلاندۇرۇلۇپ، 19-ئەسىرگە كەلگەندە مەدەنىيەت ئۇقۇمى كاتولىكلىقا ئوخشاش ئالەمشۇمۇل ئوبرازغا[22] ئىگە بولدى. بۇ سەۋەبتىن گېرمانىيە بىلەن ئەنگلىيەگە ئوخشاش پروتېستان دۆلەتلىرىنىڭ زىيالىيلىرى شەكىل ئۆزگەرتكەن كاتولىك ئالەمشۇمۇل سىياسىي غايە سىستېمىسىنى بىلدۈرىدىغان مەدەنىيەت ئۇقۇمغا زىت ھالدا بىۋاستە كۈلتۈرنى دەسسىتىشنىڭ ئورنىغا ئۇنى تەرەققىيات يەنى سىجىل ئىلگىرىلەش ئۇقۇمى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى ماقۇل تېپىشتى. مەدەنىيلىشش[23] قا ئوخشاش ھەم مۇساپىنى ھەمدە نىشاننى بىلدۈرگەنگە ئوخشاش ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان تەرەققىيات يەنى سىجىل ئىلگىرىلەش ئۇقۇمى، 18-ئەسىردە

(22) خرىستىيان ئېتىقادىدىكى ئۈچتىن تەشكىل تاپقان بىرلىك ئېتىقادىي مەدەنىيەت ئۇقۇمىغا سىڭدۈرۈۋېتىلدى، مەسىلەن، ياۋروپا بايراقلىرىنىڭ ئۈچ خىل رەڭدە بولۇشى، قاتناش چىراقلىرىنىڭ ئۈچ خىل رەڭدە بولۇشى ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئۈچ رەڭ ياكى ئۈچلۈكتىن تەشكىل بىرلىك نەرسىلەر مودېرن نەرسىلەر تۇرمۇشتا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ تاسادىپى نەرسىلەر ئەمەس. (ت).

(23) Civilisation

كاتولىكلاردىن كېلىپ چىققان مەدەنىيەت، 19-ئەسىردە پىروتېستانلاردىن كېلىپ چىققان كۇلتۇر ئۇقۇمىنىڭ ئورنىغا دەسسىيەلەيدىغان تەرىقىدە ئىستىراتېگىيەلىك فونكسىيەگە ئىگە بولدى.

نەتىجىدە، يەھۇدىيلىك، جىزۋىتلىق ۋە پىروتېستانلىق خىرىستىيان ياۋروپانىڭ سولچىل گۇرۇھلىرىنى، كاتولىك بولسا ياۋروپانىڭ ئوڭچىل گۇرۇھلىرىغا ۋەكىللىك قىلدى. 19-ئەسىردە سېكۇلارلاشقان ياۋروپادا ئەھۋال دەل ئەكسىچە بولدى. پىروتېستان-جىزۋىت-يەھۇدىي سېپى كاتولىكلارغا نىسبەتەن ئۈستۈنلىككە ئېرىشتى. بۇ پىروتېستان سېپى كاتولىكلىكنى چەتكە قېقىپ ياكى ئۆزگىلەشتۈرۈپ مودېرنىلەشكەن ياۋروپانىڭ ئۆزىگە، ھاكىم ياۋروپا كىملىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سەۋىيەگە يەتتى. بۇنى ئاقارتىش ھەرىكىتى دۇنيا قارىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرىدىغان تەرەققىياتقا توسالغۇ بولىدىغانلىقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇپ ئىشقا ئاشۇردى، يەنى «كاتولىكلىك تەرەققىياتقا توسالغۇدۇر». پىروتېستانلىقنى تەرەققىيات بىلەن ئوخشاش مەنىگە ئېلىپ كەلگەن پىروتېستان زىيالىيلىرى ياۋروپا ئىچىدە كاتولىكلارغا، ياۋروپا سىرتىدا مۇسۇلمانلارغا قارشى ئاچقان كۇلتۇر ئۇرۇشى، ئەمەلىيەتتە «تەرەققىياتقا مۇخالىپ» قارىشىغا تايىناتتى. تەرەققىياتقا مۇخالىپلىقنى يەنى قارشىلىقنى بىلدۈرىدىغان قالاقلىق (obsdurantism) ئۇقۇمىمۇ بۇ جەرياندا بازار تاپتى.

ئاخىر زاماندا بەرپا بولىدىغان يەريۈزى جەننىتىنى بىلدۈرىدىغان مودېرن دۇنياغا ئېلىپ بارىدىغان سېكۇلارلىشىش مۇساپىسى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن 19-ئەسىردە ئىككى مەزھەپ تېئولوگىيەلىك جەھەتتىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشتىن بەكرەك، راۋكېگە ئوخشاش نېمىسلار ئوتتۇرىغا قويغان تارىخىي نۇقتىئىينەزەردىن مەدەنىيەت غەلبىسىنى ئۆزىگە تەۋە قىلىۋېلىش ئۈچۈن تىنىمسىز رىقابەتكە كىردى. 1840، 1870 ۋە 1880-يىللار بولسا نۇرغۇن روھانىي زاتلار ۋە زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك ئىدېئولوگىيەلىك ئۇرۇشقا سەھنە بولغان مەزگىللەر ئىدى.، François Guizot (1787-1874) Napoleon Roussel (1805-1878), Emile de Laveleye (1822-1892)غا ئوخشاش لىبېرال يەنى ئەركىنلىك تەشەببۇسچىسى فرانسىيە يازغۇچىلىرى تارىخىي كۆزىتىشلەر نەتىجىسىدە كاتولىك چېركاۋىنىڭ ئەركىنلىك ۋە تەرەققىياتقا توسالغۇ ۋە مۇخالىپ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

ئۇلارنىڭ كۆزىتىشىچە، پىروتېستان بولغان ئەنگلىز، گوللاندىيەلىك ۋە نېمىسلار ئەخلاقلىق، تەرتىپلىك، تەرەققىياتپەرۋەر ۋە پاراۋان خەلق بولغان بولسا، ئىرلاندىيەلىكلەر، ئىتالىيەلىكلەر ۋە ئىسپانىيەلىكلەر بۇنداق ئەمەس ئىدى. تىرولتسچ (Troeltsch) «پىروتېستانلىق بىلەن تەرەققىيات» مۇناسىۋىتىنى سىستېمىلىق ھالەتكە كەلتۈردى. ماكس ۋېبېر (Max weber)نىڭ «پىروتېستانلىق بىلەن كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىياتى» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرۇلۇق ئوتتۇرىغا قويغان مەشھۇر قاراشلىرىمۇ بۇ بەس-مۇنازىرىلەرگە قاتناشقۇچىلار ئارىسىدا بولۇپمۇ لاۋېلېيە (laveleye)دىن ئىلھام ئالاتتى. بۇلار ئالدىدا مۇداپىئەگە ئۆتكەن كاتولىك يازغۇچىلار پىروتېستان دۆلەتلەرنىڭ ئىلكىدىكى مىللىي بايلىقلارنىڭ ئۇلارنىڭ مىللىي مەنىۋى بايلىقلىرى بىلەن ئوخشاش ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ئۇلارغا جان-جەھلى بىلەن قارشى چىقتى.

**دىن تەرىقىسىدىكى تۈرك ئىسلامىغا قارشى مەدەنىيەت تەرىقىسىدىكى ئەرەب ئىسلامى**

پىروتېستان نېمىسلار بىلەن ئەنگلىيە زىيالىيلىرى 19-ئەسىردە ياۋروپادىكى سېكۇلارلىششىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كۈلتۈر ئۇرۇشىدا دۆلىتىدىكى كاتولىكلەرنى «مەدەنىيەت-تەرەققىيات دۈشمىنى» بىلەن ئەيىبلەش ئارقىلىق مەغلۇپ قىلغانىدى. پىروتېستان زىيالىيلار خىرىستىيانلىق-ئىچكى كۈلتۈر ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن خىرىستىيانلىق-تاشقى كۈلتۈر ئۇرۇشىغا كىرەتتى. دىن-ئىچكى ئۆزگىلەشتۈرۈشتىن كېيىن نۆۋەت دىن-تاشقى ئۆزگىلەشتۈرۈشكە كەلگەن بولۇپ، تەرەققىيات دۈشمىنى ئېلان قىلىنغان كاتولىكلىقنىڭ ئورنىغا ئىسلام دەسسىتىلدى: كاتولىكلىك/ئىسلام تەرەققىيات دۈشمىنىدۇر»[24] بۇ كۈرەشتە كاتولىكلىك Civilization=مەدەنىيلىششىنىڭ بايراقدارى بولغان پىروتېستانلىققا قارشى دىن سۈپىتىدە خىرىستىيانلىققا ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ ئەھۋالدا غەربنىڭ كاتولىك خىرىستىيانلىققا ئوخشاش تەرەققىياتقا توسالغۇ سۈپىتىدە كۆرىدىغان ئىسلام دېگەندە كۆزدە تۇتۇلغىنى تۈركلەر بىلەن بىر پۈتۈنلىشىپ كەتكەن «ئىسلام دىنى»دۇر.

دىن سۈپىتىدە بىلىنىدىغان «تۈرك ئىسلامى» ئەنگلىيە باشلامچىلىق قىلغان

(24) catholicsim/islam is oppsed to progress.

سېكۇلار ئالەمشۇمۇل سىياسىي غايىسىغا توسالغۇ پەيدا قىلاتتى. ئالەمشۇمۇل سىياسىي غايە سىستېمىسى يېگانە تەڭرىدىن چىققان يېگانە ھەقىقەتكە تايانغان يېگانە شەھەر=دۇنيا لايىھەسىنى ئىپادىلەيتتى. بۇ غايىنىڭ دىن مەنبۇى، ئىمپېرىيە ماددىي ئاساسىنى، مەدەنىيەت بولسا ۋاستىنى تەشكىل قىلىدۇ. 19-ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن سانائەت ئىنقىلابى نەتىجىسىدە غەربنىڭ يېڭى ئىمپېرىيەسى ئەنگلىيە بولدى. بىراق دىن بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆزگەردى. دىن مەدەنىيەتكە ئۆزگەرتىلگەن غەربتە، تويىنبې (toynbee) تەنقىد قىلغاندەك، ئىش ئەكسىچە بولغان بولۇپ مەدەنىيەت مەقسەتكە، دىن ۋاستىگە ئايلىنىپ قالدى. رىم بىلەن ئوسمانلى ئىمپېرىيەلىرى ئۆزلىرىنى بىر پۈتۈنلەشتۈرگەن دىنلار بولغان خىرىستىيانلىق ۋە ئىسلامغا تايانغان ئالەمشۇمۇل سىياسىي غايە داۋاسىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى ئۆزىنى مەدەنىيەت بىلەن بىر پۈتۈنلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئالەمشۇمۇل سىياسىي غايە سىستېمىسى بەرپا قىلىشقا تۇتۇشتى. بۇ ئەھۋال مودېرن دۇنيادا دىنغا تايانغان ئالەمشۇمۇل سىياسىي غايە داۋاسى بولغان يېگانە ئىمپېرىيە ئوسمانلىنى ئۆزگىلەشتۈرۈشنى تەقەززا قىلاتتى.

ئىلگىرى غەربنىڭ نەزىرىدە ئىسلام يېڭىلمەس تۈركلەر بىلەن ئوخشاش ئورۇندا ئىدى. كاتولىكلىككە قارىتىلغان دۈشمەنلىكتىن مەقسەت قالاقلىق، تۈركلۈك بىلەن ئوخشاش دەپ قارىلىدىغان ئىسلامغا قارىتىلغان دۈشمەنلىكتىن مەقسەت قەدىمگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ سەلبىي مەنىنى بىلدۈرىدىغان ياۋايىلىق ئىدى. ئاتالمىش لىبېرال ئىنگلىز زىيالىيلىرىنىڭ قارىشىچە تۈركلەر ياۋايى، تۈركلۈك بولسا ئىسلام بىلەن ئوخشاش سەۋىيەگە قويۇلغان تەقدىردە تەبىئىي ھالدا «ئىسلام تەرەققىياتقا توسالغىدۇر»دېگەن يەكۈن چىقاتتى. ئەنگلىيە باش مىنىستىرى ۋىليام گىلادستوننىڭ قارىشىچە، مەسىلە مۇھەممەدىزىم بولۇپ، بۇ ئىسلام بولماستىن مەلۇم بىر ئىرقنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئىسلام مەسىلىسى ئىدى.

19-ئەسىردە سېكۇلارلاشقان غەرب تەرىپىدىن مەھكۇم قىلىنغان كۆپ خوتۇنلۇق، زىناخورنى چالما-كېسەك قىلىش، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشكە ئوخشاش بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەردىن تەشكىل تاپقان، قۇللۇققا يول قويىدىغان، ئاياللارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان شەرىئەت(قانۇن)غا تايانغان بىر «دىن سۈپىتىدە تۈرك ئىسلامى»ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، فىرانسىيە شەرقشۇناسلىقى تەرىپىدىن تەسۋىرلەنگەن، بىلىم، پەلسەپە ۋە سەنئەت ساھەلىرىدىكى ئۇتۇقلىرى بىلەن ئوتتۇرا

دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە تارىخىي ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان «مەدەنىيەت سۈپىتىدە ئەرەب ئىسلامى»ئىدى. بۇ ئىدىيە بويىچە بولغاندا، تۈركلەرنىڭ ئەسىرى فىقھە بىلەن ئوخشاش ۋە تەڭ ئورۇنغا قويۇلغان ئىسلام دىنى تەرەققىياتقا توسالغۇ بولسا، بۇنىڭغا زىت ھالدا ئەرەبلەرنىڭ ئەسىرى بىلىم، پەلسەپە ۋە سەنئەت ساھەلىرى بىلەن تەرىپلەنگەن ئىسلام مەدەنىيىتى تەرەققىياتقا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى. ئىنگلىز زىيالىرىنىڭ قارىشىچە، سىياسىي ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزگەن تۈركلەر ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ئەرەبلەرنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولغان. ياۋايىلىق ۋە قالاقلىقتا چىڭ تۇرغان تۈركلەرنىڭ ياۋروپادا قېلىشىغا كۆز يۇمۇش خىرىستىيان ياۋروپا مەدەنىيىتىگە ھاقارەت بولۇپ، تۈركلەر ياۋروپادىن چوقۇق قوغلاپ چىقىرىلىشى شەرت ئىكەن.

1875-يىلى بوسنىيە بولۇپمۇ فىرانسىيە ۋە گېرمانىيە كونسۇللىرىنىڭ سەلانىكتە مەيدانغا كەلگەن توقۇنۇشلاردا خاتا ھالدا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن نەتىجىلەنگەن 1876 ئىيۇندىكى بۇلغار ئىسيانلىرى، ياۋروپالىقلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ياتقان «ياۋايى تۈركلەر» ئوبرازىنىڭ قايتىدىن پەيدا بولۇشىغا سەۋەپ بولدى. ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىنى قوغداش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەننى ياقلايدىغان ئەنگلىيە باش ۋەزىرى بېنجامىن دىسرائېل ئاتالماش بۇلغار قەتلىئامى توغرۇلۇق تارقالغان خەۋەرلەرنىڭ گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. بىراق سەلەپ باش مىنىستىرى ۋىليام ئې.گىلادستونې ۋە ئۇ رەئىسى بولغان ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى قوللىغۇچىلىرى بۇ ۋەقەنى سىياسەتتىن يۇلۇپ چىقىرىپ، دىنى ۋە ئىدېئولوگىيەلىك زېمىنغا يۆتكەپ، تۈركلەر بىلەن ئىسلامغا رەھىمسىزلەرچە ھۇجۇم قىلدى. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى مەشھۇر تارىخچى ئېدۋارد ئا. فرېمەن (Edward a. Freeman 1823-1892) تەرىپىدىن 1877-يىلدا ئېلان قىلىنغان ئەسىرى تۈركلەر ۋە ئىسلامغا قارىتىلغان ھۇجۇملارنىڭ ئىلمىي نەزىرىيەلىرىنى تەشكىل قىلاتتى. ئوسمانلىنىڭ مەنپەئەتىگە زىت نەتىجىلەر بىلەن ئاخىرلاشقان 1893-يىل ئۇرۇشىدىن كېيىن ھاسىل قىلىنغان 1878 بېرلىن ئەھدىنامىسى ئەنگلىيەنىڭ ئەنئەنىۋى ئوسمانلى سىياسىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ بىشارىتى ئىدى.

مەسىلىگە ئومۇمىيۈزلۈك قارىغىنىمىزدا، كاتولىكلىككە ئوخشاش ئىسلامنى چەتكە قېقىپ ئۆزگىلەشتۈرگەنمۇ، خىرىستىيان ياۋروپانىڭ سول ئېقىمغا ۋە سېكۇلارلاشقان

ياۋروپانىڭ ئوڭ ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان پىروتېستان-جىزۋىت-يەھۇدىي قانىتى ئىدى. 1883-يىلى 29-مارتتا سوربوننىدا ئىسلام ۋە ئىلىم تېمىسىدا لېكسىيە بېرىپ، پىروتېستان ئىنگلىز زىيالىيلىرىنىڭ تۆركلۈك بىلەن ئىسلامنى بىر كۆرىدىغان ئىدىيەسىنى «ئىسلام تەرەققىياتقا توسالغۇدۇر» دېگەن تەرىقىدىكى شوئار ھالىتىگە ئېلىپ كېلىپ ئىسلام دۇنياسىنى قالايمىقان قىلىۋەتكەن ئەمەلىيەتتە جىزۋىتلاردىن ئېرنېست رېنان (Ernest renan)ئىدى. بۇ شوئار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيەسىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتتى. كاتولىك مودېرنىزىمغا ئوخشاش ئىسلام مودېرنىزىممۇ شۇنداق قىلىپ «ئىسلام تەرەققىياتقا توسالغۇ ئەمەس» دېگەن زىت دىئالېكتىدىن ئاپىرىدە بولدى.

## ئۆلىمادىن يازغۇچى ۋە ئەدىبكە ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەت يۆتكىلىشى

ئىسلامنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلىكىنى ياقلاپ، ئىسلامنى مۇشۇ تەرىقىدە ئۆگىتىپ كەلگەن ئۆلىما 19-ئەسىردە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن «كاپىر» غەربكە قارشى ئىسلامنى ياقلاشقا مەجبۇر بولدى، بۇ ئەھۋال تولىمۇ ئۇزۇن داۋام قىلدى. ئەپسۇسنارلىقى شۇكى، ئۆلىما ھەر جەھەتتىكى قابىلىيەت نۇقتىسىدىن غەربنىڭ زامانىۋى دولقۇنىغا تەييارلىقسىز دۇچ كېلىشى بۇ ئەھۋالنى تىراگېدىيەگە ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. مەدەنىيەت جەھەتتە ۋاقىتلىق نۇسرەتكە ئېرىشىپ، بۇنىڭ مەست قىلىشى بىلەن شەرىئەت ئورنىغا پەلسەپىگە تايانغان ئالەمشۇمۇل سىياسىي لايىھەنى قوبۇل قىلغان ئابباسىيلار خەلىپىلىكى، ئۆلىمانى ئوردىدىن سىقىپ چىقىرىپ، ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولغان مەشرۇئىيەت بوھرانىغا دۇچار بولدى. ئوسمانلى بولسا بۇ خاتالىقنى سادىر قىلماي، مەشرۇئىيەت بۆھرانىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆلىمانى شەرىئەتنىڭ مۇئەككىلى سۈپىتىدە دۆلەتتە ۋەزىپىگە قويىدى. بۇ ئۆلىمانىڭ تەقدىرىنىڭ شەرىئەتنىڭ تەقدىرىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. شەرىئەتكە خىلاپ بىر ئۆزگىرىش ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇق سەۋەبىنى خەتەرگە ئىتتىرەتتى. دېمىسىمۇ ئەھۋال مۇشۇنداق بولدى. مۇقەررەر ھالدا شەرىئەتنىڭ مەنپەئەتىگە تامامەن زىت بولغان مودېرنىلىشىش ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆلىمانىمۇ پاسسىپ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدى.

ئوسمانلىدا مودېرنىلىشىش جەريانىدا دۆلەتنىڭ پادىشاھتىن مۇستەقىل ھالدا قانۇنىي سالاھىيەتكە ئېرىشىشى بىلەن قانۇننىڭ شەرىئەتتىن بېسىپ چۈشۈشى نەتىجىسىدە ئۆلىمانىڭ مەۋجۇدلۇق سەۋەبىمۇ خەتەرگە كىرىپ قالدى. 19-ئەسىردە

تەنزىمات نامى ئاستىدا مۇلۇك ۋە جامائەتنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان غەربچە ئىسلاھات مۇساپىسىدا بۇ خەتەر تېخىمۇ روشەنلەشتى. شەرىئەت بىلەن بىرلىكتە ئۆلىمامۇ دۆلەتنىڭ سىرتىغا چىقىرىلىشقا باشلىدى. بۇ ئۆلىماغا نىسبەتەن ئوت بىلەن ئىمتىھاندەك ئىش بولاتتى. دەرۋەقە، ئۆلىما ئەسىرلەرچە پەقەت دۆلەتنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ دۇنيانى كۆزىتەتتى، مودېرنىلەشكەن بىر دۇنيادا دۆلەتنىڭ سىرتىدا نە زىيالىي، نە كەسپىي خادىم سۈپىتىدە مەجۇت بولۇپ تۇرالمايتتى. مودېرنىلىشىش مۇساپىسىدە شەرىئەت بىلەن ئۆلىمانىڭ نوپۇزىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا ئەگىشىپ مەدرىسە مائارىپىمۇ سۈپەتتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قېلىپ، ئۆلىمىغا زۆرۈر تېپىلسا دۆلەتتىن مۇستەقىل ھالدا دۇنيانى ئەھمىيەتلىك قىلىدىغان ياكى مەنە بېرەلەيدىغان ئىلمىي، پىكرى قابىلىيەت ئاتا قىشتىن ئاجىز قالدى.

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، «ئىسلام مودېرنىزمى» يەنى «ئىسلام تەرەققىياتقا توسالغۇ ئەمەس»دېگەن قاراشتىن ئاپىرىدە بولغان ئىسلامنى قايتىدىن ئىزاھلاش ۋە چۈشەندۈرۈش مۇساپىسىنىڭ ئىككى تەرىپى بار بولۇپ، بىرى مودېرنىزم ۋە مودېرنىزمنى ئۇبدان تونۇپ، ئاندىن تەنقىد قىلىش، ئىككىنچىسى بۇنىڭغا ئاساسەن دىننى چۈشىنىش ئۇسۇلى ئۈستىدە قايتىدىن ئويلىنىپ ئىزاھلاشتىن ئىبارەت. نەتىجىدە بۇ ئىككى ئىش ئارقىلىق مودېرنىزم بىلەن ئىسلامنى تولۇق چۈشەنگىلى بولاتتى. ئۆلىما يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان سەۋەبلەر تۈپەيلى بىرىنچى ئىشتىلا ئاجىز قالدى. ئەسىرلەردىن بۇيان ئېلىپ كېلىۋاتقان تەلىم-تەربىيەگە ماس ھالدا روياپقا چىقارغان ئىلملەر بىلەن ئۆزلىرى ياشاۋاتقان كەڭ كەتكەن دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىنىڭ بارغانچە چوڭىيىپ كېتىشى، ئۇلارنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۇنيانى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈش، مەنە ئاتا قىلىش ۋە ئىزاھلاشتىن ئاجىز قىلدى. بۇ نۇقتىدىن، ئۆلىمانىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىننى چۈشىنىش ئۇسۇلىنى قايتىدىن ئىزاھلىشى، ئىسلامنىڭ ئالەمشۇمۇل غايىسىنى زامانىۋى دۇنياغا يەتكۈزۈشىمۇ تولىمۇ مۈشكۈل ئىدى.

ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە مۇسۇلمان جامائەتتە ھېچقانداق باياناتچى قالمايدۇ. بۇ ھالقىلىق پەيتتە، ئۆلىمانىڭ ۋاقىتلىق بولسىمۇ ھورۇنلۇقىغا خاتىمە بېرىپ، ئۇنىڭ بوشلۇقىنى تولدۇرىدىغان زاپاس بىلىم قوشۇنى ھەرىكەتكە ئۆتتى. بۇ ئاباسىيلار ئوردىسىدا «كالامىيە» دېيىلىدىغان ئوردۇ بيوكراتلىرىدىن تەشكىل تاپقان يازغۇچى -ئەدىبلەر ئىدى. يازغۇچى – ئەدىب ئوسمانلىدا فاتىھ سۇلتان مۇھەممەد دەۋرىدە قۇرۇلغان ئەندەرۇن مەكتىپىدە زامانىۋى دۇنيادا ئىنسانىي

بىلىملەر دېيىلىدىغان سېكۇلار دۇنياۋى تەلىم-تەربىيە بىلەن يېتىشتۈرۈلەتتى. بىراق، ئۇلار ئوسمانلىلاردا مەكتەپ بىلەن مەدرىسە ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رولى ئۆتەيدىغان تەككە[25]دە كۈچلۈك ئىسلام تەربىيەسىگە ئىگە بولاتتى. شۇڭلاشقا، قىيىنچىلىق ۋە كىرزىس مەزگىللىرىدە ئۆلىماغا ئوخشاش ئىسلام جامائىتىنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرىگە بىمالال ھالدا باياناتچى ۋە ساداسى بولالايدىغان ئىلمىي سەۋىيەگە ئىگە ئىدى.

ئوسمانلى يازغۇچى-ئەدىبلىرى مۇشۇ تەرىقىدە ئىسلامىي ئىلىملەرگە ئېرىشىش بىلەن بىرگە، يەنە بىر تەرەپتىن ئالغان سېكۇلار دۇنياۋى تەلىم-تەربىيە تۈرتكىسىدە مودېرنى غەرب كۈلتۈرىنىمۇ يېقىندىن تونۇيتتى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مودېرنىزمنى تەنقىد قىلىپ، ئىسلامنى قايتىدىن ئىزاھلاش ئۈچۈن كېرەكلىك زامانىۋى ۋە ئىسلام ئىلىملىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. زامانىۋى دۇنيادا ۋاقىتلىق سەھنىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان ئۆلىمادىن قالغان ئىسلامنى قايتىدىن ئىزاھلاش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە بولغان يازغۇچى-ئەدىبنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشى ئۈچۈن ئۈچىنچى ئامىل سۈپىتىدە «ۋەزىپە-ئۆتكۈزۈپ بېرىش»كە ئېھتىياج بار ئىدى.

يېڭى گۇرۇھلارنى پەيدا قىلىدىغان مودېرنىلىشىشتىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي-كەسپىي ئىختىلاپ، بۇ ۋەزىپە-ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۇچقۇنىنى يالقۇنلىتىپ، ئۇلارنى ئۆلىما ئورنىغا مۇسۇلمان جامائەتنىڭ باياناتچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشقا يۈزلەندۈردى.

19-ئەسىردە ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ تەنزىمات دېيىلىدىغان غەربچە ئىسلاھات باسقۇچىغا سۆرەپ كىرىلىشى بىلىم ساھەسىدىكى زىيالىيلاردىن تەشكىل تاپقان قۇل بىيوكراتلارغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ دەۋرى كەلگەنىدى. بىراق زىيالىيلار يول تېپىپ كەتكەن بۇ دەۋردە يېڭى ئوسمانلى گۇرۇھلىرىدىن بولغان زىيا پاشا بىلەن نامىق كەمالغا ئوخشاش زىيالىيلار مەقسەتلىرىگە يېتەلمەي، مىسىر سۇلتانى مۇستافا فازىل پاشانىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدا سىياسىي ئۆكتىچى ھەرىكەتنى قوزغىغان. دەرۋەقە، مۇستافا فازىل پاشا مونارخىيە بىلەن ئەپلىشىپ ئۆكتىچى بولۇشتىن ۋاز كېچىش ئارقىلىق يېتىم قالدۇرغان يېڭى ئوسمانلى گۇرۇھلىرى، سىياسىي ساھەدە ئەمەس مەدەنىيەت ساھەسىدە ئۆكتىچى بولۇشقا باشلىدى.

(25) تەرىقەت مۇرىتلىرى ئىبادەت ۋە دىنىي مۇراسىم قىلىدىغان ماكان، تەكىيەخانا. دەرگاھ.

زامانىۋىلاشقان دۇنيادا نامىق كەمال بىلەن سەپداشلىرى جامائەتنىڭ باياناتچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، كەسپىي سىياسىي ئۆكتىچىلىك ھەرىكىتىنى كۈلتۈر ساھەسىدە ئۆكتىچىلىك قىلىشقا بورىدى.

## ئادالەتكە قارشى ئەركىنلىك داۋاسى

بۇ مۇساپىدە نامىق كامالنىڭ كۆزگە كۆرۈنىپ قېلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس. غەربتىكى پروتېستانلارغا ئوخشاش زامانىۋى ئىسلام دۇنياسىدىمۇ سۈننىيلىكنى ئاساس قىلغان نىزامغا قارشى ئىدىيە ۋە سولچىل بىر كۈلتۈر ئەندىزىسى بىلەن يېتىشىپ چىققان مودېرنىزمنىڭ باشلامچىسى جامالىددىن ئافغانىغا ئوخشاش يوشۇرۇن شىئە زىيالىلار بولدى. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، نامىق كەمالمۇ كەربالا سىمۋوللىرى بىلەن تونۇلغان شىئە سىياسىي كۈلتۈرىدىن ئوزۇق ئالغان بەكتاشى ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانىدى. بۇ مەزلۇملۇق ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش تۇيغۇسى ھەر ئىككى شەخسنى دەۋرىنىڭ باياناتچىسى ۋە ساداسى قىلغان بولسىمۇ، تۇتقان يوللىرى پەرقلىق ئىدى. ھەر ئىككىلىسى ئوخشاش بىر شىئە سىياسىي كۈلتۈرگە مەنسۇپ بولسىمۇ ئىسلام چۈشەنچىلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشى سەۋەبىدىن نامىق كامال بىلەن ئافغانىغا ئوخشاش زىيالىيلارنىڭ غەربنىڭ تەھدىتىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىمۇ پەرقلىنەتتى.

ئافغانى ئەنئەنىۋى دىنى ئۈستۈن كىملىك بولغان «مۇسۇلمان» ئورنىغا «غەربلىك ئۆزگىلەر»گە قارشى بەرپا قىلىنىدىغان يېڭى مەدەنىيەت ئۈستۈن-كىملىك بولغان «شەرقلىق» بىلەن ئەنئەنىۋى سۈننىي ۋە شىئە كىملىكلىرىنى، شۇنداقلا ئىران جەمئىيىتىدە بىر تۈرك، ئىسلام جەمئىيىتىدە بىر شىئە سۈپىتىدە قوش يېتىملىق ۋە چەتكە قېقىلىشنى ھەل قىلىشنى نىشان قىلدى. بۇ دائىرىدە ماركسقا ئوخشاش دىننى بۇ يېڭى مەدەنىيەت مەركەزلىك ئۈستۈن كىملىك قۇرىدىغان ئىدېئولوگىيەگە ئايلاندۇرۇشنى پىلانلاپ چىقتى. نامىق كامال بولسا ئوسمانلى جەمئىيىتىدە ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئەمەس، مەزھەپ جەھەتتىن يېتىملىق ھېس قىلاتتى.

ئۇ جامالىدىن ئافغانىدىن پەرقلىق بولۇپ ئوسمانلى يازغۇچى-ئەدىبى ئىدى. نامىق كامال ئائىلىدىن شىئە سىياسىي كۈلتۈر تەربىيەسى ئالغان بولسىمۇ يازغۇچى-ئەدىب بىلەن ئۆلىمانى بىرلەشتۈرگەن تەككىگە ئوخشاش ئورتاق ماكانلاردا سۈننىي دۇنيا قارىشىنىمۇ قوبۇل قىلغان. بۇ سەۋەبتىن، ئۇ ئۆزى يېتىشكەن شىئە سىياسىي

كۇلتۇر تۈرتكىسىدە ئافغانى بىلەن بىرلىكتە غەرب مودېرنىزىمىنىڭ تەھدىتىنى تولۇق ھېس قىلىپ يەتكەن تۇرۇپ، ئافغانىنىڭ ئەكسىچە مەزھەب يېتىمچىلىكىنى ئەنئەنىۋى سۈننىي كىملىكنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ھالقىپ ئۆتۈپ، غەرب مەدەنىيىتىگە ئىنكاس قايتۇرۇلدى. ناھايىتى ئېغىر زۇلۇمنى ئۆز قوينىدا ساقلاپ ياتقان غەرب تەھدىتى نامىق كامالنىڭ ئوسمانلى سۈننىي ئىسلامغا تايانغان تارىخىي ئادالەت داۋاسىنى ئالقىشلاپ، مەزھەبكە بولغان رىشتىسىدىن ھالقىپ ئۆتەلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

غەرب تەھدىتىنى كۇلتۇر نۇقتىسىدىن ھېس قىلىپ يەتكەن ئۇنىڭغا ئوخشاش ئوسمانلى زىيالىيلىرىغا نىسبەتەن داۋا ئەركىنلىكتىن بەكرەك ئادالەت داۋاسى ئىدى. غەرب ئادالەتكە ئوخشاش ئىلاھىي بايلىقلار تەرىپىدىن يېتەكچىلىك قىلىنغان كوللېكتىپ تارىخىي سەپەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانىدى. ئافغانى مەدەنىيەت ئاساس قىلىنغان ئۈستۈن كىملىكنى ياقلايدىغان مودېرنىزىمغا يۈزلەندى. ئۇ غەرب دۇنياسى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا زامانىۋى دۇنيانىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، بۇ زامانىۋى دۇنيادا رەزىللىك مەسىلىسى ئادالەتتىن بەكرەك ئەركىنلىك/ئاسارەت كۆرىشى تۈسىگە كىردى. ئەركىنلىك ئافغانىغا نىسبەتەن ئاسارەتنىڭ زىتى بولغان غايىگە سىمۋوللۇق قىلاتتى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدىكى، مۇسۇلمان زىيالىيلىرىنىڭ غەربنىڭ تەھدىتىگە قارشى مەدەنىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۇسۇللىرى، بىر-بىرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك كىملىك چۈشەنچىلىرى بىلەن ئۆزگىچە خاس كوللېكتىپ ئىسلام چۈشەنچىلىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. غەرب بىلەن شەرقنىڭ تەسىر-ئىنكاس تەرىقىسىدە بىر-بىرلىرىنى چەتكە قېقىپ ئۆزگىلەشتۈرۈشى شەرقشۇناسلىققا قارشى شەرقشۇناسلىق تەرىقىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. 19-ئەسىردە مۇسۇلمان زىيالىيلىرىنىڭ ئىسلامنى قايتىدىن ئىزاھلاش شەكلى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ غەرب مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش تەرزلىرىگە، بۇ ئەھۋال بولسا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەھدىتىنى چۈشىنىش شەكلىگە، بۇ ئەھۋالمۇ ئۆزلىرى تەۋە بولغان جەمئىيەتلەرنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى بىلەن بەرپا قىلغان ئىسلام چۈشەنچىلىرىگە ئاساسەن ئۆزگەردى.

ئوسمانلى زىيالىيلىرى غەرب مەدەنىيىتىگە ئىلاھىي ئادالەتتىن ئوزۇق ئېلىپ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىسلام تۈزۈمىنى ماددىي جەھەتتىن ئۆزگەرتكىنىگە قارىماي،

مەنىۋى جەھەتتىكى چىرىكلىشىش، دەپ قارىغان بولسا، مىسىرلىق زىيالىيلار دەل ئەكسىچە مىسلىي كۆرۈلمىگەن ماددىي مەدەنىيەت سۇپىتىدە مۇئامىلە قىلىشتى. ئوسمانلى زىيالىيلىرى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىلىم، تېخنىكا ۋە سانائەت جەھەتتىكى غايەت زور تەرەققىياتلىرىنى ئادىل ھاكىمىيەتنىڭ ۋە مەشرۇئىيەتنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە كۆرگەن بولسا، مىسىرلىق زىيالىيلار ياۋروپانىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپ بەرپا قىلىشتىكى مۇۋاپىقىيىتىنى ئەقلىيەتكە تايانغان ماددىي مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە كۆرۈشتى. ئوسمانلى ۋە مىسىرلىق زىيالىيلارنىڭ غەرب مەدەنىيىتىنى «مەشرۇئىيەت ۋە ئەقلىيەت» دېگەن ئۇقۇملار بىلەن ئىزاھلىشى، غەربتىكىگە ئوخشاشلا شەرق دۇنياسىدىمۇ پەرقلىق مودېرنىلىق تۈرلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا زېمىن تەييارلاپ بەردى.

## ئىسلاھ چاقىرىقىدىن دېيىزمگە[26]

مودېرنىزىمنى «يېڭى دۇنيا قۇرۇش غايىسى»، ئىدىئولوگىيەنى بولسا «بۇ غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياردىغان لايىھە»دەپ چۈشەنسەك، ئوسمانلى بىلەن مىسىرلىق مۇتەپەككۇرلار ۋە زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدا مۇنداق روشەن پەرق كۆرۈلىدۇ: پاسسىپ/ئاكتىپ مودېرنىزىم» بىلەن «دىسكۆرسىق[27] /پارادىگامتىك[28] مودېرنىزىم» ۋە بۇنىڭ مەنىسى بولغان «يۇمشاق/قاتتىق ئىدېئولوگىيە» بىلەن «سوتسىئولوگىيە / ئىدېئولوگىيە»ئايرىملىرىدۇر. بۇ دۇنيا ھاياتىدا ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئەھمىيەتلىك قىلىش ۋە مەلۇم مەنىگە قىلىش ئۈچۈن بىر دىنغا ئىشىنىشكە مەجبۇر بولغان ئىنسان، ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيادا ئۆزى ئىشىنىدىغان دىنىنىڭ ھەقلىقى ۋە ئىناۋەتلىكى ئۈستىدە گۇمانلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ سوئاللار سورالغاندا تەبىئىي ھالدا دىنىنى مۇداپىئە قىلىشقا ئېھتىياج ھېس قىلىدۇ.

بىراق مەشرۇئىيەت (ئىناۋەتلىك، يوللۇق ۋە قانۇنلۇق) بوھرانىنىڭ بارغانچە ئېغىرلىششى نەتىجىسىدە مۇداپىئە تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىدۇ. «ھازىرلىق

(26) دېيىزم دىنى ئىلىملەرگە ۋاستىسىز ھالدا نوقۇل ئەقىل ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولۇشنى پىرىنسىپ قىلغان، بۇ سەۋەبتىن ۋەھيي ۋە ئىلھامغا تايانغان پۇتكۈل دىنلەرنى رەت قىلغان بىر خۇدالىق ئېتىقادىدۇر.

(27) لوگىكىلىق تەپەككۇر ئارقىلىق يەكۈن چىقىرىش، بىر تەكلىپ-پىكىر ئارقىلىق ئىككىنچى بىر تەكلىپ پىكىرگە لوگىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ئىلگىرىلەپ، پارچىلار ۋە بۆلەكلەردىن پۈتۈنلۈككە بولغان ئويلاش ئۇسۇلىدۇر.

(28) مەلۇم بىر ساھەدىكى ئاكادېمىكلار، ئىلىم ئەھلىلىرى قوبۇل قىلغان ئورتاق ئىدىيە ۋە قىممەت قاراشلىرىدۇر. مودېل، ئۈلگە دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىدىيە، ھېس-تۇيغۇ ۋە چۈشەنچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىش-ھەرىكەت قېلىپلىرىنى بېكىتىدىغان خەرىتىدۇر.

مودېرنىزىم» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بۇ ئاپولوجەتىك[29] ھادىسەنىڭ ئورنىغا بىر مەزگىلدىن كېيىن، دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى زىيالىيلىرىنىڭ تەنقىدلىرى دەسسىدى. بۇ «پاسسىپ مودېرنىزم» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بۇ تەنقىدلەش ھەرىكىتى ئەمەلىيەتتە «ئاكتىپ مودېرنىزم» دەپ ئاتىلىدىغان قايتىدىن ئېتىقاد قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئىدىيەنىڭ بەرپا بولۇشىغا زېمىن تەييارلاپ بەردى. قىسقىسى، مۇھەممەد ئابدۇھغا ئوخشاش مۇتەپەككۇرلاردا كۆرۈلگىنىدەك پاسسىپ مودېرنىزم سۈننىي ئىسلام چۈشەنچىسىدىن يىراقلىششىنى كۆرسىتىپ بەرسە، ھىندىستانلىق سەييىد ئەھمەتخاندا كۆرۈلگىنىدەك، ئاكتىپ مودېرنىزم بولسا، يېڭى ۋە سېكۇلار بىر چۈشەنچىگە ئۆتۈشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەر ئىككىلىسى غەربتىكىگە ئوخشاش، دىنىنىڭ ئۆزىگە چېقىلىغان «كەم ياكى تولۇق سېكۇلارىزم» ھېسابلىنىلىقتىن، چۈشەنچە مودېرنىزىم دائىرىسىگە كىرىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، نامىق كامالغا ئوخشاش ئوسمانلى زىيالىيلىرىدا كۆرۈلگەن تارقاق مودېرنىزم ئەنئەنىنىڭ ئۆزىگە ۋە ماھىيىتىگە چېقىلماستىن ئىسلاھ قىلىشنى كۆرسىتەتتى. ئوسمانلىمۇ تەكىتلەپ كەلگەندەك، مەشرۇئىيەت (ھەقلىق، قانۇنلۇق ۋە يوللۇق) بولۇشىنىڭ مەنبەسى بولغان ئىلاھىي قانۇن ھەر قانداق ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەردىن ساقلىنىپ قالاتتى، بىراق ئىنسانلار دۇنياسى بولسا ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىدىن خالىي ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئوسمانلى جامائەتنى خاتىرجەم ۋە خوشال قىلىپ كەلگەن فىقھنى تۈيۈقسىزلا بىھاجەت قىلىپ كۆرسەتكەن نەرسە بولسا بۇ دۇنيانىڭ، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ غەربنىڭ تەسىرى ئاستىدا تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىپ بېرىشى ئىدى.

بۇنداق ئەھۋالدا ئەسلىدە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىش مودېرنىزمنى ئاساس قىلىپ فىقھنىڭ ئىشقا يارايدىغان ياكى يارىمايدىغانلىقى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشنىڭ ئورنىغا، دەل مودېرنىزىمنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە باش قاتتۇرۇش ئىدى. نامىق كامال ئىسلام ئالىمى بولمىغانلىقتىن، مەيلى يۈزەكى بولسۇن ياكى چوڭقۇر بولسۇن ئىجتىھاد ئارقىلىق شەرىئەتنى قايتا ئىزاھلاشنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى تەكىتلەيتتى. ئۇ مەسىلىگە ئاددىيلا قاراپ، خەلق بىلەن ئۆلىما قاتلىمىنى مودېرنىزم بىلەن ئىسلام پرىنسىپلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىقلىرىنى ئەيىبلەپ

(29) خىرىستىيانلىقنى ياقلايدىغان ۋە ئىنجىلنى ئىسپاتلاشنى مەقسەت قىلغان تېئولوگىيەنىڭ بىر تارمىقىدۇر.

تەنقىد قىلاتتى. قىسقىسى، ئوسمانلى زىيالىيلىرىنىڭ قارىشىچە، مەسىلە دىنىدا ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىننى چۈشىنىش ۋە دىن بويىچە ياشاش ئۇسۇللىرىدا ئىدى. شۇنداقلا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىي ۋە زېھنى جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرى ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ مۇشۇ تەرىقىدە «ئىسلام مودېرنىزمى»دېيىلگەن ئىسلام چۈشەنچىسىنى قايتىدىن ئىزاھلاش تىرىشچانلىقلىرى، كىلاسسىك مۇجەددىتلەر قىلغاندەك «ئىسلاھ» دېيىلىدىغان ئەخلاقىي ئىسلاھات چاقىرىقىغا دۇچ كەلدى. ئەنئەنىنى تەنقىدلەش دولقۇنى مودېرنىزىمنى تەنقىدلەش دولقۇنىغا ئايلاندى، ئەنئەنىنىڭ مودېرنىزمدىن ئۈستۈنلىكى تەكىتلەندى. مىسىرلىق مودېرنىزمنى ياقلىغۇچىلار ئەنئەنىنى كۈچەپ تەنقىدلىدى. بىرىنچىسىدە، ئەنئەنىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن تەنقىد قىلىنىشى ئەمەلىيەتتە ئەنئەنىگە كۈچ قوشتى، ئىككىنچىسىدە، ئەنئەنىنىڭ مودېرنىزم ۋە بىلىش نەزەرىيەسى[30] جەھەتتىن تەنقىد قىلىنىشى دېيىزمنىڭ كېلىپ چىقىشىغا زېمىن تەييارلىدى. ھىندىستاندىكى بىراخمانلاردا كۆرۈلگىنىدەك، پەيغەمبەرلىكنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا رەت قىلىشنى كۆرستىدىغان دېيىزم، تەبىئىي دىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پەلسەپە نۇقتىسىدىن پەرق بولسىمۇ، ئىلاھىي دىنلار نۇقتىسىدىن دېيىزم بىلەن ئاتېزم ئوتتۇرىسىدا پەرق يوقتۇر. دەرۋەقە، ئىلاھنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋاستىسى بىلەن كەلگەن مۇتلەق ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلماي، تەڭرىنىڭ پەيغەمبەرسىز قۇرۇق مەۋجۇدلۇقىنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق.

تەبىئىي دىن ياكى دېيىزم قەدىمقى گىرېتسىيەدىكىگە ئوخشاش پەيغەمبەر ۋاستىسى بىلەن دىن ۋەھيى قىلىنمايدىغان، ئىسلامىي تېرمىن نۇقتىسىدىن ئېيتساق فىترەت (پەيغەمبەرسىز ئۆتكەن چاغلار)غا خاس ئىدى. بۇ سەۋەبتىن، يەھۇدىيلىق، خىرىستىيانلىق ۋە ئىسلامغا ئوخشاش ۋەھيى قىلىنغان دىنلارنىڭ زىيالىيلىرى تەرىپىدىن دېيىزمنى رىسالەت دەۋرىگە ماسلاشتۇرۇش ناھايىتى تەس ئىدى. جامالىددىن ئافغانىدىن ئىلھام ئالغان مۇھەممەد ئابدۇھ،ئىككى يول ۋاستىسى بىلەن رىسالەت دەۋرىنى (ۋەھيى دەۋرى) ئەقلىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى تەبىئىي دىنغا رۇخسەت قىلىدىغان فىترەت (پەيغەمبەرسىز ئۆتكەن دەۋرى)دەك تەسەۋۋۇر قىلدى.

(30) ئېپىستېمولوگىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بىلىشنىڭ مەنبەسى، ماھىيىتى، توغرىلىقى ۋە پاسسىللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان، بىلىشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان پەلسەپە تارمىقىدۇر.

ئىككى يول دېگەندە، بىرىنچىسى تېيزىم[31]، ئىككىنچىسى ئەقلىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى (ئەقلىي مەرىفەتۇللاھ) كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ۋە ئىبرەتلىك بولغان نۇقتا، «ئەقلىي مەرىفەتۇللاھ»غا ئوخشاش ئەنئەنىۋى ماتۇرىدى ئەقىدىسى دېيىزمغا ئوخشاش رول ئوينىشى ئىدى.

ئابدۇھ، ماتۇرىدىلەر ئوتتۇرىغا قويغاندەك ئىلاھىي ۋەھيي ئۈزۈلۈپ قالغان فەترەت دەۋرلەردە ۋاجىبۇل ۋۇجۇد بولغان ئاللاھ ۋە كامال سۈپەتلىرىنى ئەقىل ۋاستىسى بىلەن بىلگىلى بولىدىغانلىقى قارىشىدىن ھەرىكەت قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، فىترەت دەۋرلىرىدە پەيلاسوپلارنىڭ ئەقلىي كۈچى بىلەن ئاللاھنى بىلىشكە قانداق قۇربى يەتسە، رىسالەت دەۋرلىرىدىمۇ ئوخشاشلا قۇربىي يېتىدۇ، بۇ ئەھۋال ئۇلارغا تەبىئىي ھالدا دىن نامىغا قانۇن تۈزۈش سالاھىيىتى ئاتا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن، ئاللاھنى ئەقىل يولى بىلەن بىلىش پرىنسىپىنىڭ ئىنسانىنى قەيەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەرىپەت ۋە تائەت ئاساسلىرىدىن تەشكىل تاپقان دىنىنىڭ ئىبادەت تەرىپى ئايرىلماس بىر پۈتۈندۇر. بۇلار ئىچىدە بىرىنچىسى ئۈچۈن نوقۇل ئەقلىنىڭ كۇپايە قىلىدىغانلىقى قوبۇل قىلىنغان تەقدىردە، تەبىئىي ھالدا ئىككىنچىسىدىمۇ كۇپايە بولىدىغانلىقى، نەتىجىدە ئىنسانىنىڭ ۋەھيي قىلىنغان بىر دىن بولماي تۇرۇپمۇ ئۆز يولىنى مۇستەقىل تاپالايدىغانلىقى يەكۈنى چىقىدۇ. ئەشئارىيە بۇ يېڭىچە دىن چۈشەنچىسى ھېسابلىنىدىغان دېيىزمنىڭ خەتەرلىكىنى تونۇپ يېتىپ، شەرىئەت مەركەزلىك دىن چۈشەنچىسى ئاساسىدا ھەم ئاللاھنى بىلىش ھەمدە دىنغا بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتىنىڭ پەيغەمبەرلىككە ئىشىنىش ياكى ئەگىشىش بىلەن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. نەتىجىدە ئىمامى غەززالىغا ئوخشاش ئالىملارنىڭ تۆھپىسى بىلەن، تىئودىسە مەسىلىسى سەۋەب بولىدىغان دىنىنىڭ (ئىسلام) تېئولوگىيەلىششى ياكى ئىدېئولوگىيەلىششىگە ئەبەدىي توسالغۇ بولدى.

مۇھەممەد ئابدۇھقا ئوخشاش ئىسلام مودېرنىزىمچىلىرى مۇشۇ تەرىقىدە دىنىنى ياقلاش نامىغا ئەقلىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى كۆككە كۆتۈرۈپ سېكۇلارىزمغا زېمىن ھازىرلىدى. ئۇلار قارىماققا، ئىسلامدا سېكۇلارىزمغا قارشى كۈچلۈك سەپ

---

(31) تېيزىم ياكى تەڭرىچىلىك ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بىر تەڭرىنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تەڭرىنىڭ ماھىيىتى ۋە كائىنات بىلەن تەڭرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىزاھلاپ بېرىدىغان، كائىناتنى يارىتىش ۋە ئىدار قىلىشتىن مەسئۇل بولغان تەڭرى تەسەۋۋۇر بولغان، بۇ تەڭرىنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئىنسانلارغا دىن ئەۋەتىدىغانلىقىنى ياقلايدىغان ئىدىيەدۇر. بۇنىڭغا قارىشىچە، تەڭرى دۇنيا ۋە ئىنسانلار بىلەن داۋاملىق مۇناسىۋەت ئىچىدە بولىدۇ.

شەكىللەندۈرۈشنى نىشان قىلىسمۇ، بۇ يوشۇرۇن دېيىزم ئارقىلىق ھەقىقەتەن سېكۇلارىزىم بىمالال ئۆتەلەيدىغان كۆۋرۈك سېلىپ بەردى. بۇ سەۋەبتىن ھازىرقى ئەرەب دۇنياسىدىكى ئاتېيىست ۋە سېكۇلارىست زىيالىيلارنىڭ ئابدۇھنى ھەرىكەت قىلىش نۇقتىسى سۈپىتىدە كۆرۈشى ھەرگىزمۇ تاساددىپىي ئەمەس. ئابدۇھغا نىسبەت قىلىنغان مودېرنىزىم، ئەنئەنىۋى چۈشەنچە سىستېمىسىدىن ئايرىلىپ چىقىش ھېسابلىنىدىغان پاسسىپ مودېرنىزىمنى كۆرسىتىدۇ.

ئافغانى بىلەن ئابدۇھقا ئوخشاش مۇتەپەككۇرلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ياۋروپادىكى ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرىغا ئوخشاش، بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا «دىن ۋاستىمۇ ياكى مەقسەتمۇ، ئۇ بىزنى ئېلىپ ماڭامدۇ ياكى بىز ئۇنى ئەبەدىي ئېلىپ ماڭامدۇق؟» دېگەندەك سەزگۈر سوئاللارنى سوراش باسقۇچىغا بېرىپ قالىدۇ. ئابدۇھنىڭ قارىشىچە، ئىسلامدا ھايات دىنغا باشلامچىلىق قىلىدۇ، دىن ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس ئىنسان ۋە ھايات ئۈچۈن باردۇر. ئىسلام چۈشىنىڭ تارىختا نېمە ئۈچۈن ئىشقا ئاشمىغانلىقى توغرىسىدىكى سوئال، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارنى دەل چۈشتە خاتالىق بار ياكى ئەمەسلىكىدىن گۇمان قىلىدىغان پەللىگە ئاپىرىپ قويىدى. غەربتە كاتولىك مەزھىپىدە كۆرۈلگىنىدەك خىرىستىيانلىقتىن ئۈمىدىنىڭ يوقلىقى قارىشى باش كۆتۈرگەن بولسا، ئافغانى بىلەن ئابدۇھقا ئوخشاش مۇتەپەككۇرلارنىڭ، سۈننىي ئىسلام ھادىسىسىدە ئىسلامنىڭ ئەركىن بىر تارىخىي كۈچ بولۇشقا مۇۋاپىق ئەمەسلىكىدەك يەكۈننى چىقىرىشقا سەۋەب بولدى. چاتاق يېرى، بۇ ئەركىنلىك ئىزدىنىش تىرىشچانلىقلىرى غەربتە بولغىنىدەك، ئاخىرى ھېسابتا ئۇلارنىمۇ سېكۇلارلىققا يۈزلەندۈردى.

## سېكۇلارىزىمنىڭ قويىندا ياتقان فاشىزىم

يېقىنقى زاماندا غەربتە قۇرۇلغان مىللىي دۆلەتلەر ئەمەلىيەتتە ئىلاھنىڭ زېمىندىكى مۇتلەق ھاكىمىيىتىگە قارشى بارلىققا كەلگەنىدى. مىللىي دۆلەتلەر قانۇنىي ئاساسىنى ئىلاھىي قانۇنلاردىن خالىي تۇتتى. بىراق بىر ماشىنا سۈپىتىدە لايىھەلەنگەن بۇ مىللىي دۆلەتلەر داڭلىق جەمئىيەتشۇناس ماكس ۋېبېرنىڭ «تۆمۈر قەپەس» ئىبارىسىدە ئىزاھلىغاندەك، ئىنسانلار ئۈستىدە رەھىمسىز ھاكىمىيەت قۇرۇشتى. ئىتالىيە بىلەن گېرمانىيەدە مەيدانغا كەلگەن فاشىزىم ئەمەلىيەتتە ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنىڭ خوجايىنى بولۇش ئۈمىدى بىلەن باشلىغان مودېرنىلىششىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەللىسىگە سىمۋول

بولاتتى. كانتنىڭ «بۇرچ ئەخلاقىي»غا تايانغان مۇستەقىللىق لايىھەسى ۋە «ئىنسانىنىڭ ئۆز-ئۆزىنىڭ خوجايىنى» بولۇش غايىسى 1922-يىلى ۋە 1933-يىلى سۇغا چىلاشتى. مودېرنىزم بىلەن زوراۋانلىق ۋە فاشىزم ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مۇناسىۋەتنى كۆنىمىزدە ئارېنت، ئادورنو، فوكولت ۋە باۋمەنگە ئوخشاش پەيلاسوپلار ئوخشىمىغان نۇقتىنەزەرلەردىن ئوتتۇرىغا قويۇشقان. مەشھۇر ئىنگلىز شائىر ت.س. ئېلىيوت «ئەگەر تەڭرىنىڭ بولمىسا گېتلىر ياكى ستالىنغا تازىم قىلىسەن» دېيىش ئارقىلىق قۇلغا قۇللۇق قىلىشنى سىستېمىلاشتۇرغان فاشىزىمنى تەنقىد قىلغانىدى.

بۇ ھەقىقەتنى تۇنجى قېتىم نامىق كامال بىلەن زىيا گۆكئالپقا ئوخشاش مۇسۇلمان زىيالىيلار تونۇپ يەتتى. نامىق كامال تەنزىمات مۇساپىسىدە غەرب مەنبەلىك قانۇن-پىرىنسىپلار بىلەن كەلگەن سېكۇلارىزمىنىڭ ماھىيىتىدە فاشىزىمىنىڭ بارلىقىنى پەرق ئېتىدۇ. نامىق كامال ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قەلەمگە ئالغان «قانۇنىنىڭ ھېكمىتى» ناملىق ئەسىرىدە ئەقىل ۋە ھېس-تۇيغۇغا ئوخشاش ئىنسانىي ئامىللارنىڭ قانۇنىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى يورىتىپ بېرىشتە ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسان پەقەتلا ياراتقۇچىسى بېكىتكەن ئەبەدىي قانۇنغا ئەگەشكەندە ئاندىن ھەققىي ئەركىنلىككە ئېرىشەتتى. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىسى زىيالى گۆكئالپ بولسا تېخىمۇ روشەن ھالدا ئەركىنلىكنى «ئاللاھتىن باشقىسىغا قۇل بولماسلىق، ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماسلىق» دەپ تەرىپلىدى.

غەرب ئالدىدا ئەركىنلىك ئەندىشىسى ھېس قىلغان ئابدۇھ ۋە مىسىرلىق زىيالىيلار ئەنئەنىۋى تەقدىر ئەقىدىسىنى ئىنكار قىلىپ ئىنسانىي ھۆر ئىرادىنى تەكىتلەشتى. لېكىن ئوسمانلى زىيالىلىرى غەربتىن كەلگەن سېكۇلارىزمىنىڭ ماھىيىتىدە فاشىزىمنىڭ ياتىدىغانلىقىنى، نوقۇل ئىنسانىنىڭ ئەقلىگە تايانغان تۈزۈمنىڭ قۇلغا قۇللۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدىغانلىقىنى پەرق ئېتىپ، ئىلاھىي ئىرادىگە مۇتلەق تەسلىم بولۇش ئارقىلىق ھەققىي ئەركىنلىككە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەشتى.

ئىسلام دۇنياسىدا غەربتىكىدەك ئورگانىك سېكۇلارلىشىش ھادىسىسى مەيدانغا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، تۈركىيەدە بولغىنىدەك، غەربچە ئورگان خاراكتېرىدىكى «لايىك»لىق تۈسىنى ئالغان مېخانىكىلىق سېكۇلارلىشىش مۇمكىن بولدى. تۈركىيەدە پەقەت شەرىئەت بىكار قىلىندى، بۇ مېخانىكىلىق سېكۇلارلىشىش ھېسابلىناتتى. ■

- ئابدۇۋەلى ئايۇپ: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەتقىقاتىدىكى يېڭىلىكلەر
- مۇھەممەد ئەلى قاپار: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرپا قىلغان جەمئىيەتنىڭ تۈزۈلمىسى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى
- سۇ گاۋارا چۈن: 1864 - 1865 - يىلىدىكى كۇچا خوجىلىرىنىڭ «غازىتى» ۋە باشقا تەسىرى كۈچلەر
- پروفېسسور دوكتور بەدرى گەنجەر: ئىسلام دۇنياسىنىڭ مودېرنىلىشىش ھادىسىسى بىلەن ئىمتىھانى